
INFORMATION OF CENTRAL ASIA

# ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى



’96 2

# 目　次　《中亚信息》

1996年第二期
（总第67期）


**法规**

哈关于国家调控贵金属和宝石的总统令…………（3）
吉尔吉斯斯坦共和国破产法…………（7）
俄公布接待外国团组和个人的标准…………（12）

**资料**

哈萨克斯坦和吉尔吉斯斯坦的经贸合作关系…………（13）
独联体国家的粮食生产形势与新疆的对策…………（18）
乌推出旅游业发展计划…………（22）
阿勒泰与周边国家贸易探索…………（26）
阿勒泰地区对外开放口岸简介…………（31）
哈农业改革步伐缓慢…………（33）

**西亚栏目**

巴信德省产棉200万包…………（35）
巴棉花获丰收…………（36）
巴鼓励外国投资矿产业…………（36）

**新产品**

用磁铁清除管道锈垢…………（36）
不用显影和冲洗的照相纸…………（37）
代替绷带和纱布的生物复合材料…（37）

**边贸信息**

哈的外汇收入…………（37）
哈市场蒙古包奇缺…………（40）
我区外贸进出口提前一个月完成任务…（40）
俄通过1996年财政预算…………（41）
我国4月起改革和调整进口税制…………（41）
阿克莫拉机场扩建工程启动…………（42）
哈迁都为我提供了商机…………（42）
乌的卡拉库尔羊羔皮…………（43）
俄联邦的黄金储备与金刚石生产…………（44）
“亚加马”联合公司成立…………（45）
世界棉花产量将上升…………（45）
埃及1995年棉花增产…………（46）
未来5年世界白玉米产量将增加…………（47）
哈萨克斯坦人眼里的中国酒…………（47）
乌的经济改革在继续进行…………（47）
中亚各国间债务结算问题…………（48）
俄调整某些商品消费税…………（49）
糖价近期下跌…………（49）
乌开发天然油气田…………（49）


本期责任编辑：牙尔买买提

# بۇ ساندا

< قانۇن - بەلگىلىمە >

قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەتنىڭ قىممەتلىك مېتاللار ۋە
ياقۇتلارنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى زوڭتوڭ بۇيرۇقى ............ (3)
قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى كارخانىلىرىنىڭ ۋەيران بولۇش قانۇنى ... (7)
روسىيە چەت ئەل ئۈمەكلىرى ۋە شەخسلەرنى كۆتۈۋېلىش
ئۆلچىمىنى ئېلان قىلدى ............................ (12)

< ماتېرىيال >

قازاقىستان بىلەن قىرغىزىستاننىڭ ئىقتىسادىي سودا ھەمكارلىق
مۇناسىۋىتى .................................. (13)
مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ئاشلىق ئىشلەپ -
چىقىرىش ئەھۋالى ۋە شىنجاڭنىڭ ئۇنىڭغا قارشى تەدبىرى ............ (18)
ئۆزبېكىستان سانائەتچىلىك ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش پىلانىنى
ئوتتۇرىغا قويدى .................................. (22)
ئالتاي رايونىنىڭ قوشنا دۆلەتلەر بىلەن بولغان سودىسى ھەققىدە
ئىزدىنىش .................................. (26)
شىنجاڭ ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن چېگرا ئېغىزلىرى ...... (31)
قازاقىستان يېڭىدىن تىكلىنىدىغان ئىسلاھاتلارنىڭ قەدىمىي ئاستا بولماقتا ......... (33)

< غەربىي ئاسىيا سەھىپىسى >

پاكىستاننىڭ سىند ئۆلكىسى پاختىدىن مول ھوسۇل ئالدى ......... (35)
پاكىستان پاختىدىن مول ھوسۇل ئالدى ..................... (36)
پاكىستان چەت ئەللىكلەرنى كان ئىشلىرىغا مەبلەغ سېلىشقا
رىغبەتلەندۈردى .................................. (36)

< يېڭى تېخنىكا، يېڭى مەھسۇلات >

ماگنىت ئارقىلىق تۇرۇبا يولىدىكى داتنى تازىلاش .............. (36)
تەسۋىرنى روشەنلەشتۈرمىسىمۇ ۋە يۇمۇسىمۇ بولىدىغان فوتو سۈرەت
قەغىزى .................................. (37)
بېنت ۋە داكا ئورنىدا ئىشلەتلىكى بولىدىغان بىئولوگىيىلىك بىرىكمە
ماتېرىيال .................................. (37)

پەن - تېخنىكا
بىرىنچى
ئىشلەپچىقىرىش
كۈچى

1996 - يىللىق
2 - سان

ئومۇمىي 67 - سان

قوش ئايلىق ژۇرنال

ھەر جۈپ ئاينىڭ 25 -
كۈنى نەشردىن چىقىدۇ

بۇ ساننىڭ مەسئۇل
تەھرىرى :
يارمۇھەممەت ئىبراھىم
باھاسى : 3 يۈەن

## < چېگرا سودا خەۋەرلىرى >


قازاقىستاننىڭ تاشقى پېرېۋوت كىرىمى ...... (37)

قازاقىستان بازارلىرىدا كىگىز ئۆي كەمچىل بولماقتا ...... (40)

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت ۋەزىيىتى بىر ئاي
بۇرۇن ئورۇنلىنىپ بولدى ...... (40)

روسىيە 1996 - يىللىق مالىيە خام چوتىنى ماقۇللىدى ...... (41)

دۆلىتىمىز بۇ يىل 4 - ئايدىن باشلاپ ئىمپورت - ئېكسپورت باج تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ تەكشىيدۇ ......(41)

ئاقمولا ئايرودرومىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش باشلاندى ......(42)

قازاقىستاننىڭ پايتەخت يۆتكىشى بىزگە سودا پۇرسىتى يارىتىپ بەردى ......(42)

ئۆزبېكىستاننىڭ قارا كۆل كۆرپىسى ...... (43)

روسىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ ئالتۇن زاپىسى ۋە ئالماس ئىشلەپچىقىرىشى ...... (44)

«ئاگاما» بىرلەشمە شىركىتى قۇرۇلدى ...... (45)

دۇنيا پاختا مەھسۇلات مىقدارى ئاشماقتا ...... (45)

مىسىردا 1995 - يىلى پاختا مەھسۇلات مىقدارى ئاشتى ...... (46)

كەلگۈسى بەش يىلدا ئاق قوناقنىڭ مەھسۇلات مىقدارى ئاشىدۇ ...... (47)

قازاقىستانلىقلار نەزىرىدىكى جۇڭگو ھارىقى ...... (47)

ئۆزبېكىستاننىڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھاتى داۋاملىق ئېلىپ بېرىلماقتا ...... (47)

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئۆز ئارا قەرز راسچوت مەسىلىسى ...... (48)

روسىيە بەزى تاۋارلارنىڭ ئىستېمال بېجىنى تەكشىدى ...... (49)

شېكەرنىڭ باھاسى چۈشۈپ كەتتى ...... (49)

ئۆزبېكىستاندا تەبىئىي گاز مەيدانى ئېچىلدى ...... (49)

# قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەتنىڭ قىممەتلىك مېتاللار ۋە ياقۇتلارنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى زۇڭتۇڭ بۇيرۇقى

1993 - يىلى 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئېلان قىلىنغان قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ئاساسىي قانۇنىنىڭ بىرىنچى ماددىسىدىكى «قازاقىستان زۇڭتۇڭى ۋە يەرلىك مەمۇرىي باشلىقلارغا ھوقۇق بېرىش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق قانۇنى - قائىدىنى بېكىتىش» توغرىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن تۆۋەندىكى زۇڭتۇڭ بۇيرۇقى ئېلان قىلىندى:

## بىرىنچى ماددا ئاساسىي مەزمۇنى

«ئالاھىدە ساپ بولغان قىممەتلىك مېتال». - نەپىس تاۋلانغان خەلقئارا ئۆلچەم ياكى قازاقىستاننىڭ ئۆلچىمىگە يەتكەن قىممەتلىك مېتاللارنى (نۆكچە، پاراشوك، دانچە ھالەتتىكى) كۆرسىتىدۇ. «دۆلەتنىڭ قىممەتلىك بۇيۇملىرىنى ساقلاش ئامبىرى» - توختام ئاساسىدا قانۇنىي شەخسكە تەۋە بولغان قىممەتلىك مېتال، ياقۇت ۋە باشقا بۇيۇملارنى ساقلايدىغان دۆلەت كارخانىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. «قىممەتلىك مېتال» - ھەر قانداق شەكىل ۋە ھەر قانداق ھالەتتىكى ئالتۇن، كۈمۈش، ئاق ئالتۇن ھەم پلاتىنا ئائىلىسىگە تەۋە ئېلېمېنتلار (پاللادىي، ئىرىدىي، رودىي، رۇتېنىي، ئوسمىي)، خام ماتېرىياللار، قېتىشما، يېرىم تەييار بۇيۇم، تەييار بۇيۇم، سانائەت بۇيۇملىرى، بىرىكمە بۇيۇمۇملار، كېرەكسىز ماتېرىياللارنى كۆرسىتىدۇ. ياقۇت - پىششىقلانغان ۋە پىششىقلانمىغان تەبىئىي ئالماس، يېشىل ياقۇت، قىزىل ياقۇت ۋە كۆك ياقۇتلارنى كۆرسىتىدۇ. «قىممەتلىك مېتاللار ھېساباتى» بانكىنىڭ قانۇنىي شەخس ياكى تەبىئىي شەخس ئۈچۈن ئاچقان بىر خىل ھېساب تۈرى بولۇپ، بۇ خىل ھېساباتتا مەزكۇر قانۇنىي شەخس ۋە تەبىئىي شەخسلەردىكى ئالاھىدە ساپ بولغان قىممەتلىك مېتاللارنىڭ فىزىكىلىق مىقدارىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. «قىممەتلىك مېتال ۋە ياقۇتچىلىق كەسىپلىرى» تۆۋەندىكى ھەرىكەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك كەسىپلەرنى كۆرسىتىدۇ:

1. قىممەتلىك مېتال ۋە ياقۇتلارغا ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقى ۋە باشقا ھوقۇقلارنى يۆتكەش؛
2. ساقلاش ئورنى، فوندى تەشكىلاتلار ۋە تەييارلىغۇچى ئورۇنلارنىڭ قىممەتلىك مېتال ۋە ياقۇتلارنى يۆتكىشى ۋە باشقۇرۇشى؛
3. ھەر قانداق بىر خىل دورا ۋە ماددىدىن قىممەتلىك مېتال ۋە ياقۇتلارنى ئايرىپ چىقىپ، ئىشلەپچىقىرىپ ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ فىزىكىلىق ۋە خىمىيىلىك ھالىتىنى ئۆزگەرتىش؛
4. قىممەتلىك مېتال، ياقۇت ۋە تەركىبىدە قىممەتلىك مېتال بولغان ۋە ياقۇت بىلەن نەقىشلەنگەن بۇيۇملارنى قازاقىستان چېگرىسىدىن ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىش.

«باھا تالاشتۇرۇپ سېتىش» - تۇنجى قېتىم قازاقىستان دۆلىتى ئىچىدە قېزىلغان خام ئەشيالاردىن ئايرىپ چىقىلغان ساپلىقى يۇقىرى بولغان قىممەتلىك مېتاللارنى كۆرسىتىدۇ، شۇ قېتىملىق باھا تالاشتۇرۇپ سېتىشنىڭ قائىدىلىرىنى بەلگىلىگەن ئورگانلار قازاقىستان جۇمھۇ-

رىيتى دۆلەت بانكىسى بىلەن كېڭىشىش ئارقىلىق بەلگىلەيدۇ .

« قېزىلغان ئالتۇن - كۈمۈش » - قازاقىستاندىكى ئېپتىدائى كان ياتمىسى ، تىندۇرما كان ياتمىسىنىڭ ئۈستى ئۈچۈق كانلىرى ۋە خالىق يوللىرىدىن چارلاپ ۋە قېزىپ چىقىلغان تەبىئىي قىممەتلىك مېتاللارنى كۆرسىتىدۇ .

« تاموژنا بېجى رەسمىيەتلىرى » - تەبىئىي شەخس ۋە تەبىئىي شەخسلەرنىڭ تۆۋەندىكى تاموژنا بېجى تۈزۈملىرىگە ماسلىشىپ بېجىرگەن نەپىس ئىشلەنگەن قىممەتلىك مېتاللارغا مۇناسىۋەتلىك رەسمىيەتلەرنى كۆرسىتىدۇ : قازاقىستان چېگرىسى ئىچىدە تاۋارلارنى پىششىقلاپ ئىشلەش ، تاموژنا نازارىتى ئاستىدا پىششىقلاپ ئىشلەش ، چېگرا سىرتىدا پىششىقلاپ ئىشلەش .

« بەلگىلەنگەن بانكا » - مەلۇم بانكىلارنى كۆرسىتىدۇ ، بۇ خىل بانكىلاردا قازاقىستان دۆلەت بانكىسى بىلەن قازاقىستان مالىيە مىنىستىرلىكى بىرلىشىپ بەرگەن باھا تالاشتۇرۇپ سېتىشقا قاتنىشىش ۋە قىممەتلىك مېتاللار ھېساباتىنى باشقۇرۇش ئىجازەتنامىسى بار .

« بەلگىلەنگەن ئورگان » - دۆلەتنىڭ قىممەتلىك مېتال ، ياقۇت ، ئالتۇن - كۈمۈش ، ئۈنچە - مەرۋايىت بۇيۇملىرىنى باشقۇرۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزىدىغان ئالاھىدە ئورگان . مەزكۇر ئورگاننىڭ ھوقۇق دائىرىسىنى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى قانۇنى ، زۇڭتۇڭى ۋە ھۆكۈمىتى بەلگىلەيدۇ .

« ئالتۇن - كۈمۈش ، ئۈنچە - مەرۋايىت زىننەت بۇيۇملىرى » قىممەتلىك مېتاللار ۋە ياقۇتتىن ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرىنى كۆرسىتىدۇ .

**ئىككىنچى ماددا باشقۇرۇش دائىرىسى**

1 . مەزكۇر بۇيرۇقنىڭ ئۈچىنچى ماددىسىدا ئېيتىلغان قىممەتلىك مېتال ، ياقۇت ۋە ئالتۇن - كۈمۈش زىننەت بۇيۇملىرى مەسىلىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك كەسىپلەر دۆلەتنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ . باشقۇرۇش شەكلى مەزكۇر زۇڭتۇڭ بۇيرۇقىدىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە بولىدۇ .

2 . قېزىلغان ئالتۇن - كۈمۈش مەسىلىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك كەسىپلەرنى دۆلەت باشقۇرىدۇ .

**ئۈچىنچى ماددا قىممەتلىك مېتال ، ياقۇت ، ئالتۇن - كۈمۈش ، ئۈنچە - مەرۋايىت كەسىپلىرىنىڭ ئىجازەتنامە تۈزۈمى**

قازاقىستان چېگرىسى ئىچىدە تۆۋەندىكى قىممەتلىك مېتاللار - ياقۇت ۋە ئالتۇن - كۈمۈش كەسىپلىرىگە نىسبەتەن ئىجازەتنامە تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ :

1 . چارلاش ؛ 2 . قېزىش ؛ 3 . پىششىلاپ ئىشلەش ؛ 4 . باشقۇرۇش ؛ 5 . توشۇش ؛ 6. ئالتۇن - كۈمۈش زىننەت بۇيۇملىرىنى ياساش ؛ 7 . تەركىبىدە قىممەتلىك مېتال ۋە ياقۇت بولغان قايتا ھاسىل بولىدىغان بايلىقلارنى يىغىۋېلىش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش ؛ 8 . ساپلىقى يۇقىرى قىممەتلىك مېتال ۋە ياقۇت كەسپى .

**تۆتىنچى ماددا قىممەتلىك مېتال ، ياقۇت ۋە ئالتۇن - كۈمۈش ، ئۈنچە مەرۋايىت كەسىپلىرىنى نازارەت قىلىش**

مەزكۇر قانۇننىڭ ئۈچىنچى ماددىسىدا ئېيتىلغان قىممەتلىك مېتاللار ، ياقۇت ۋە زىننەت بۇيۇملىرىنى دۆلەت نازارەت قىلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ .بۇ تۈزۈم بەلگىلەنگەن ئورگانلار تەرىپىدىن ئىجرا قىلىنىدۇ .

**بەشىنچى ماددا ستاتىستىكا تۈزۈمى**

1 . مەزكۇر قانۇننىڭ ئۈچىنچى ماددىسىدا ئېيتىلغان قىممەتلىك مېتال ، ياقۇت ۋە زىننەت بۇيۇملىرى كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قانۇنىي شەخس ۋە تەبىئىي شەخسلەر بەلگىلىمە بو-

يىچە ستاتىستىكاقىلىش ۋە ستاتىستىكا مەلۇمات جەدۋىلىنى تاپشۇرۇشى كېرەك.

2. قانۇنىي شەخس ۋە يەككە تىجارەتچىلەر قىممەتلىك مېتال ۋە ياقۇتلارنى قېزىش، ئىشلەپچىقىرىش ۋە توشۇشتا تۈرلەر بويىچە ستاتىستىكا قىلىشى كېرەك، كەسىپ خاراكتېرىنى چوڭ تۈرگە بۆلۈش ھەم قىممەتلىك مېتال ۋە ياقۇتلارنى پىششىقلاپ ئىشلەش ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى، كېرەكسىز ماتېرىياللار ۋە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ خوراش دەرىجىسى قاتارلىقلارغا تەڭ ئېتىبار بېرىش كېرەك.

**ئالتىنچى ماددا  ساپلىقى يۇقىرى قىممەتلىك مېتاللارنى سېتىش**

1. قازاقىستان چېگرىسى ئىچىدە قېزىلغان خام ئەشيالاردىن ئايرىلغان قىممەتلىك مېتاللار باھا تالاشتۇرۇپ سېتىش ئارقىلىق سېتىلىدۇ، بىراق مەزكۇر قانۇننىڭ 13 - ماددىسىنىڭ بىرىنچى تارمىقى بىرىنچى تۈرىدە ئېيتىلغان قىممەتلىك مېتاللار ئۇنىڭ سىرتىدا.

2. قانۇنىي شەخسلەر باھا تالاشتۇرۇپ سېتىش نىزامىدىكى بەلگىلىمە بويىچە سېتىۋالغۇچى قاتارىدا باھا تالاشتۇرۇپ سېتىشقا قاتنىشىدۇ.

3. قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ خەزىنىسى ۋە دۆلەت بانكىسىنىڭ ساپلىقى يۇقىرى قىممەتلىك مېتاللارنى سېتىۋېلىشتىن ۋاز كېچىش ۋە ساتقۇچى قاتارىدا باھا تالاشتۇرۇپ سېتىشقا قاتنىشىش ھوقۇقىغا ئىگە.

**يەتتىنچى ماددا  ساپلىقى يۇقىرى قىممەتلىك مېتاللار سودىسى**

1 باھا تالاشتۇرۇپ سېتىلغان ۋە ئىمپورت قىلىنغان قىممەتلىك مېتاللارنى قانۇنىي شەخس ۋە تەبىئىي شەخسلەرنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى بازاردا قايتا سېتىشىغا يول قويۇلىدۇ. سودا سومىسى بەلگىلەنگەن بانكىنىڭ قىممەتلىك مېتاللار ھېساباتىغا كىرگۈزۈلىشى كېرەك.

2. چەت ئەل بازارلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان قىممەتلىك مېتاللارنى سېتىش سودىسى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش قانۇنىنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىشى كېرەك.

**سەككىزىنچى ماددا  ساپلىقى يۇقىرى قىممەتلىك مېتاللارنى ساقلاش ۋە ئېلىش**

1. قانۇنىي شەخس ۋە تەبىئىي شەخسلەر سېتىۋالغان ساپلىقى يۇقىرى قىممەتلىك مېتاللارنى دۆلەتنىڭ قىممەتلىك بۇيۇملارنى ساقلاش ئامبىرى ياكى دۆلەت بانكىسى شۇنداقلا بەلگىلەنگەن بانكىلارنىڭ خەزىنىسىگە قويسا بولىدۇ.

2. باھا تالاشتۇرۇپ سېتىشتىن بۇرۇن قىممەتلىك مېتاللار ئىشلەپچىقارغۇچى ئورۇندا ساقلانسا بولىدۇ.

3. دۆلەتنىڭ قىممەتلىك بۇيۇملارنى ساقلاش ئامبىرى، دۆلەت بانكىسى ۋە بەلگىلەنگەن بانكىلارنىڭ خەزىنىسىدىن ئېلىنغان ساپلىقى يۇقىرى قىممەتلىك بۇيۇملارنى ئىجازەتنامە بويىچە سودا پائالىيىتىگە قاتناشتۇرۇش كېرەك.

**توققۇزىنچى ماددا  قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ قىممەتلىك مېتال كەسىپنى يولغا قويۇشى**

قازاقىستان ھۆكۈمىتى قازاقىستان مالىيە مىنىستىرلىكى خەزىنىسى، قازاقىستان دۆلەت بانكىسى ۋە باشقا بانكىلار ئارقىلىق باھا تالاشتۇرۇپ سېتىش، دۆلەت ئىچىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق بازار ۋە چەت ئەل بازارلىرىدا قىممەتلىك مېتال كەسىپنى ئېلىپ بارىدۇ.

**ئونىنچى ماددا  ياقۇتچىلىق كەسپى**

ياقۇتچىلىق كەسىپنى قانات يايدۇرۇش قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرى بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**ئون بىرىنچى ماددا  ھۆكۈمەتنىڭ قىممەتلىك مېتال ۋە ياقۇتلارنى تەييارلىشى**

1 . قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى ھۆكۈمەتنىڭ قىممەتلىك مېتال، ياقۇت ۋە زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ زاپىسىنى ئۆزگەرتىپ تۇرۇشى كېرەك، ئۇنىڭ تەركىبى قىسمى ئىچىدە دۆلەتنىڭ خام چوتىدىن ئاجرىتىلغان پۇل ئارقىلىق سېتىۋالغانلىرى ، ئىگىسىز قېزىۋېلىنغانلىرى ، مىراس قانۇنى بويىچە دۆلەتكە تاپشۇرۇلغانلىرى ، ئۇنىڭدىن باشقا ئارخېلوگىيىلىك قېزىپ چىقىرىلغان تارىخىي مەدەنىي قىممەتكە ئىگە قىممەتلىك مېتال ۋە ياقۇت ، شۇنداقلا سەنئەت قىممىتىگە ئىگە ئالتۇن - كۈمۈش ، ئۈنچە - مەرۋايىت بۇيۇملىرى ۋە پارچىلىرى قاتارلىقلار بار .

2.ھۆكۈمەت ئۇلارنى دۆلەتنىڭ قىممەتلىك بۇيۇملارنى ساقلاش ئامبىرىدا ساقلىشى ھەم قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ بەلگىلىمىلىرى بويىچە ئامبارغا سېلىشى ، ئاجرىتىپ بېرىشى ، راسچوت قىلىشى ۋە سېتىشى كېرەك .

**ئون ئىككىنچى ماددا قىممەتلىك مېتال ۋە ياقۇت پارچىلىرى ، كېرەكسىز ماتېرىياللار ۋە ئالتۇن - كۈمۈش تەركىبلىك ماتېرىياللار**

قانۇنىي شەخس ۋە يەككە تىجارەت ئىگىلىرى ئىشلەپچىقىرىش تىجارىتى جەريانىدا ھاسىل قىلغان قىممەتلىك مېتال ۋە ياقۇت پارچىلىرى ، كېرەكسىز ماتېرىياللار ۋە ئالتۇن - كۈمۈش تەركىبلىك ماتېرىياللارنى بەلگىلىمە بويىچە ستاتىستىكا قىلىپ قايتا پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان ئورۇنلارغا سېتىپ بېرىشى ياكى ئۆز ئورنىدا قايتا پايدىلىنىشى كېرەك .

**ئون ئۈچىنچى ماددا قىممەتلىك مېتاللارنىڭ ئېكسپورتى**

1 . قازاقىستان چېگرىسى ئىچىدە قېزىلغان خام ئەشيالاردىن ئايرىۋېلىنغان قىممەتلىك مېتاللارنى (فىزىكىلىق ھالەتتىكى ) ئېكسپورت قىلىشقا بولمايدۇ . بىراق تۆۋەندىكى ئەھۋاللار ئۇنىڭ سىرتىدا :

1) چەت ئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلار ياكى قازاقىستاندىكى مەبلەغ قوشقان چەت ئەللىك قانۇنىي شەخسلەرنىڭ بەلگىلەنگەن ئورگانلار بەلەن تۈزگەن توختام بويىچە ئىشلەپچىقارغان ساپلىقى يۇقىرى قىممەتلىك مېتاللار .

2) ساپلىقى يۇقىرى قىممەتلىك مېتال كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىش ئىجازەتنامىسى بولغان قانۇنىي شەخس ۋە يەككە تىجارەت ئىگىلىرىنىڭ باھا تالاشتۇرۇپ سېتىش يىغىنىدا سېتىۋالغان ساپلىقى يۇقىرى بولغان قىممەتلىك مېتاللار .

2 . ساپلىقى يۇقىرى قىممەتلىك مېتال كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىش ئىجازەتنامىسى بولغان قانۇنىي شەخس ۋە يەككە تىجارەت ئىگىلىرى چېگرا سىرتىدىن ئىمپورت قىلىنغان خام ئەشيالاردىن ئىشلەپچىقىرىلغان ساپلىقى يۇقىرى قىممەتلىك مېتاللارنى چەت ئەلگە چىقارسا بولىدۇ (نورمىسى چەكلەنمەيدۇ ).

3 . قازاقىستان چېگرىسى ئىچىدە قېزىلغان قىممەتلىك مېتال تەركىبلىك خام ماتېرىيالنى سىرتقا چىقىرىپ ئايرىشقا بولىدۇ ، ئايرىپ چىقىلغان ساپلىقى يۇقىرى قىممەتلىك مېتاللار شۇ يەردە ساقلىنىدۇ ، بىراق سېتىشتا چوقۇم باھا تالاشتۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلىشى كېرەك .

4 . قانۇنىي شەخس ۋە تەبىئىي شەخسلەر قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تاموژنا قانۇنى بويىچە قىممەتلىك مېتاللارنىڭ تاموژنا رەسمىيىتىنى بېجىرىپ بولىدۇ .

**ئون تۆتىنچى ماددا قىممەتلىك مېتاللاردىن ياسالغان قەدىمىي پۇل ، خاتىرە پۇلى ۋە مەبلەغ سوممىسى قىلىنىدىغان مېتال پۇللارنىڭ چېگرىدىن چىقىشى ۋە كىرىشى**

قىممەتلىك مېتاللاردىن ياسالغان قەدىمىي پۇل ، خاتىرە پۇل ۋە مەبلەغ سوممىسى قىلىنىدىغان مېتال پۇلنى چېگرىدىن چىقىرىش ۋە كىر-

گۈزۈش قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تاشقى پې-رېۋوت باشقۇرۇش چارىسى بويىچە بېجىرىلىدۇ.

ئون بەشىنچى ماددا قىممەتلىك مېتال ۋە ياقۇتلارنى ئىمپورت قىلىش

قىممەتلىك مېتال ۋە ياقۇت كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىش ئىجازەتنامىسى بولغان قانۇنىي شەخس ۋە تەبىئىي شەخسلەر قازاقىستان جۇمھۇ-رىيىتىنىڭ تاموژنا قانۇنى بويىچە سابىلىقى يۇقىرى قىممەتلىك مېتال ۋە ياقۇتلارنى ئىمپورت قىلسا بولىدۇ.

ئون ئالتىنچى ماددا مەزكۇر قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئۈستىگە ئېلىشقا تې-گىشلىك مەسئۇلىيىتى

قىممەتلىك مېتال، ياقۇت ۋە زىننەت بۇ-يۇملىرى كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قانۇنىي شەخس ۋە تەبىئىي شەخسلەر مەزكۇر زۇڭتۇڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلسا قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى قانۇنىدا بەلگىلەنگەن مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

1. مەزكۇر بۇيرۇق ئېلان قىلىنغان كۈن-دىن باشلاپ كۈچكە ئىگە.

2. مەزكۇر بۇيرۇقنىڭ ئالتىنچى ماددى-سى، يەتتىنچى ماددىسىنىڭ بىرىنچى تارمىقى ۋە ئون ئۈچىنچى ماددىنىڭ بىرىنچى تارماق ئىك-كىنچى تۆرىدىكى سابىلىقى يۇقىرى بولغان قىم-مەتلىك مېتاللارنى باھا تالاشتۇرۇپ سېتىش ھەققىدىكى بىر قىسىم ماددىلار باھا تالاشتۇرۇپ سېتىشنى يولغا قويۇش نىزامى تەستىقلانغاندىن كېيىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

قازاقىستان زۇڭتۇڭى H. نازاربايېۋ

1995 - يىلى 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى

## قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى كارخانىلارنىڭ ۋەيران بولۇش قانۇنى

بىرىنچى باپ ئومۇمىي پرىنسىپ

1 - ماددا قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى كارخانىلارنىڭ ۋەيران بولۇش قانۇنىنىڭ رەتكە سېلىش ئوبيېكتى ۋە رولى:

قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى كارخانىلارنىڭ ۋەيران بولۇش قانۇنىدا كارخانا ۋە يەككە تىجا-رەتچىلەرنىڭ ۋەيران بولغۇچى قەرزدارلارنىڭ شەرتى ۋە تەرتىپى ئىنكەنلىكى ئېتىراپ قىلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە تۆلەش ئىقتىدارى بولمىغان كارخانا ۋە يەككە تىجارەتچىلەرگە نىسبەتەن ھېساب ئېلىش، دۆلەت مۇلۇكچىلىكىدىكى كار-خانىلارغا نىسبەتەن تىجارەتنى رەتكە سېلىشنى پرىنسىپ قىلىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن.

مەزكۇر قانۇن بارلىق تىجارەت گەۋدىلى-رىگە قوللىنىلىدۇ (ھەر قانداق مۇلۇكچىلىك تۈ-زۈمى شەكلىدىكى كارخانا، بانكا ۋە ئۇنىڭ ئىق-تىسادىي بىرلەشمە گەۋدىسى ھەم يەككە تىجا-رەتچىلەر)، ئۇنىڭ ئىچىدە چەت ئەللەرنىڭ تى-جارەت گەۋدىلىرى بار، تۆۋەندە «كارخانا» دەپ ئېلىنىدۇ.

قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تۆلەش ئىقتىدارى بولمىغان كارخانىلارنى ئېنىقلاش مە-سىلىسىنى رەتكە سېلىشقا مۇناسىۋەتلىك قانۇن - بەلگىلىمىلەر، مەزكۇر قانۇنغا زىت بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا يەنىلا كۈچكە ئىگە.

مەزكۇر قانۇندىكى زۆرۈر بولغان تەرتىپ، نىزاملارنى چۈشەندۈرۈش ۋە يۈرگۈزۈش ئۇ-چۇن، شۇ قانۇندا ئېلان قىلىنغان تەپسىلىي قا-ئىدە، بەلگىلىمىلەرنى ئاساس قىلىش كېرەك.

2 - ماددا مەزكۇر قانۇندا قوللىنىلىدى-

غان ئۇقۇملار :

مەبلەغ : كارخانىلارنىڭ مال - مۈلكىنى كۆرسىتىدۇ ، مۇقىم مۈلۈك ، باشقا ئۇزاق مەزگىللىك مەبلەغ (شەكىلسىز مۈلۈكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) ، كۆچمە مۈلۈك ، پۇل - مۇئامىلە مەبلىغى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپىدۇ .

قەرز : قەرز ئالغان مەبلەغ ، جەلپ قىلىنغان مەبلەغ ۋە قەرز بەرگۈچىنىڭ قەرزى قاتارلىقلاردىن تەركىپ تاپقان كارخانىلارنىڭ قەرزىنى (قوشۇمچە ياردەم پۇل ، ياردەم پۇل ، ئۆزىدە بار بولغان مەبلەغ ۋە باشقا مەبلەغ ئۇنىڭ سىرتىدا) كۆرسىتىدۇ .

ۋەيران بولۇش : يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ تۆلەش ئىقتىدارىنىڭ بولماسلىقى سەۋەبىدىن ئېلىپ بېرىلغان قانۇنلۇق دەۋا تەرتىپىنى كۆرسىتىدۇ .

ھېساب ئېلىش : قانۇنىي شەخس سۈپىتىدىكى تۆلەش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان ۋە ئىگە بولمىغان كارخانىلارغا نىسبەتەن ھاسىل بولغان قانۇنلۇق دەۋا تەرتىپىنى كۆرسىتىدۇ .

ۋەيران بولۇش تەرتىپى : كارخانىلارنى ئېنىقلاش ۋە قەرز تۆلەش ئىقتىدارى بولمىغان يەككە تىجارەتچىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان قانۇن تەرتىپىنى كۆرسىتىدۇ .

رەتكە سېلىش : دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ھېساباتى ئېنىقلىنىشتىن بۇرۇن ئېلىپ بارغان تىجارەتنى ياخشىلاش پائالىيىتىنى كۆرسىتىدۇ .

ھېسابات ئېنىقلىغۇچى : سوت مەھكىمىسى ياكى قەرز بەرگۈچىلەر مەجلىسى تەيىنلىگەن كارخانىلارنىڭ ھېساباتىنى تاماملاشقا مەسئۇل مەخسۇس كەسپىي مۇتەخەسسىس .

ۋاقىتلىق ھېسابات ئېنىقلىغۇچى : سوت مەھكىمىسى ئەڭ ئاخىرقى ھۆكۈمنى ئېلان قىلىشتىن بۇرۇن ، مۇددەتنى ئۇزارتىپ تەكشۈرۈپ بىر ياقلىق قىلىش ئاساسىدا تەيىنلەنگەن كارخانىنىڭ مۈلكىنى قوغداشقا مەسئۇل كەسپىي مۇتەخەسسىس .

تىجارەتنى ۋاقتىنچە توختىتىش : سوت مەھكىمىسىنىڭ بانكىنىڭ چوقۇم ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش ياكى ھېسابات ئېنىقلاش ئەھۋالى ئۈستىدە چۈشۈرگەن كېسىمى .

تىجارەتنى ۋاقىتلىق توختاتقۇچى خادىم : دۆلەت بانكىسى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ، بانكىنىڭ ۋاقىتلىق تىجارەت توختىتىشىغا مەسئۇل ، كەسپىكە پىششىق مۇتەخەسسىس .

كارخانا ئىگىسى : كارخانىنى قۇرغۇچى ۋە كارخانىنىڭ پايلىرىنى سېتىۋالغان پايچىك .

**3 - مادda ۋەيران بولۇش ئۇقۇمى ۋە بەلگىسى**

كارخانىنىڭ ۋە يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ ۋەيران بولۇشى : كارخانىنىڭ ئالغان قەرزى كارخانا مال - مۈلكىدىن ئېشىپ كېتىشى ياكى كارخانىنىڭ قەرز تۆلەش جەدۋىلىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇن بولماسلىقى ، شۇ سەۋەپتىن قەرز بەرگۈچىنىڭ قەرزىنى تامامەن تۆلىيەلمەسلىكنى كۆرسىتىدۇ .

ھېسابات ئېنىقلاش ياكى ۋەيران بولۇش تەرتىپى بويىچە كارخانىنىڭ بارلىق مال - مۈلكىنى (مەيلى تۆلەش ئىقتىدارى بولسۇن ياكى بولمىسۇن ) مۇسادىرە قىلىش ھەم ئۇنى ھازىرقى بار مەبلەغكە ئايلاندۇرۇش ، ئاندىن قەرز بەرگۈچى بىلەن كارخانا ئىگىسى ئوتتۇرىسىدا تەقسىم قىلىش كېرەك . ئەگەر كارخانىنىڭ ئۈچ ئايدىن كېيىنمۇ تۆلەش ئىقتىدارى بولمىسا كارخانىنىڭ ھەركىتى توختىتىلىپ كارخانىنىڭ ۋە يەككە تىجارەتچىنىڭ ۋەيران بولغانلىقى بەلگىلىنىدۇ .

ھەكەملەر سوتى ھۆكۈم ئېلان قىلغاندىن كېيىن ياكى ھېسابات ئېنىقلىغۇچى ( ئەگەر ھې-

ساباتقا سوت مەھكىمىسى قاتناشمىسا ) ھېساباتنى ياكى ۋەيران بولۇش تەرتىپىنى تاماملىسا ، ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلانغاندىن كېيىن كارخانا ۋە يەككە تىجارەتچىلەر ۋەيران بولغۇچى دەپ قارىلىدۇ .

ۋەيران بولغانلىقنى ئېتىراپ قىلىش تەرتىپى مەزكۇر قانۇننىڭ 37 - ماددىسىدا بەلگىلەنگەن تۆلەش ئىقتىدارى بولمىغان كارخانىلارنى ئېنىقلاش تەرتىپى ۋە بەلگىلىمىسى بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ .

**4 - ماددا كارخانىنىڭ تۆلەش ئىقتىدارى بولماسلىقى**

كارخانا تۆۋەندىكى ئەھۋالدا تۆلەشنى رەت قىلسا ياكى تۆلەش قۇدرىتى بولمىسا تۆلەش ئىقتىدارى يوق دەپ قارىلىدۇ . (1) كارخانىنىڭ بىر قەرز بەرگۈچىگە ( ئەگەر قەرز بەرگۈچى قانۇني شەخس بولسا ) تۆلەيدىغان قەرز سوممىسى قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى بەلگىلىگەن ئەڭ تۆۋەن مائاش سوممىسىدىن تۆۋەن بولماسلىقى كېرەك ؛ (2) كارخانىنىڭ قەرز تۆلەش سوممىسى ئەڭ تۆۋەن مائاش سوممىسى 500 سومدىن تۆۋەن بولماسلىقى كېرەك . كارخانا ياكى كارخانا ئىگىسى قەرز بەرگۈچىنىڭ تەلىپىنى قاندۇرالماي ھېسابات ئېنىقلاشنى ئېلان قىلسا كارخانا ئوخشاشلا تۆلەش ئىقتىدارى يوق دەپ قارىلىدۇ .

**5 - ماددا ھېسابات ئېنىقلاشنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلار**

تۆلەش ئىقتىدارى بولمىغان كارخانىلارنىڭ ھېسابات دېلولىرىنى كارخانا تۇرۇشلۇق ئورۇندىكى ھەكەملەر سوتى تەكشۈرۈپ بىر ياقلىق قىلىدۇ . سوت مەھكىمىلىرى قاتناشماي ئېلىپ بېرىلغان ھېسابات تەرتىپى پەقەت كارخانىنىڭ تۆلەش ئىقتىدارى بولغان ياكى قەرز بەرگۈچى سوت مەھكىمىسىگە ئەرز سۇنمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئاندىن ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**6- ماددا ئېنىقلاش ھوقۇقىغائىگەكىشى**

كارخانىنىڭ ئۆزى كارخانا مەسئۇلى ، دىرېكتور ياكى پايچىكلار يىغىنى ياكى كارخانا قۇرغۇچىلار چوڭ يىغىنىنىڭ قارارى بويىچە ئېنىقلاش تەرتىپىنى يولغا قويىدۇ . كارخانىنىڭ تۆلەش ئىقتىدارى بولمىغان ياكى كارخانا قەرز تۆلەشنى رەت قىلغان ئەھۋال ئاستىدا قەرز بەرگۈچى ئېنىقلاش تەرتىپىنى يولغا قويۇشقا باشلىسا بولىدۇ . دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانا ۋە تىجارەت كىنىشكىسى بولمىغان ياكى قانۇنسىز ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بارلىق كارخانىلارغا نىسبەتەن دۆلەت ئورگانلىرى ئېنىقلاش تەرتىپىنى يولغا قويسا بولىدۇ .

دۆلەت ئورگانلىرى پەقەت قانۇن - تەرتىپ بويىچە تىجارەت كىنىشكىسى بولمىغان ياكى قانۇنسىز ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللانغان كارخانىلارغا نىسبەتەن ھېسابات تەرتىپىنى يولغا قويالايدۇ. يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ئېنىقلاش جەريانلىرىغا دۆلەت ئورگانلىرى قاتناشمىسىمۇ بولىدۇ ، بىراق دۆلەت ئورگانلىرى بىرلا ۋاقىتتا قەرز بەرگۈچى بولىدىغان ئەھۋال ئۇنىڭ سىرتىدا.

بانكىنىڭ ھېساباتىنى ئېنىقلاش ھوقۇقىغا ئىگە ئورۇنلار :

قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى دۆلەت بانكىسى . قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى دۆلەت بانكىسى رۇخسەت قىلغان ئەھۋال ئاستىدا ، تۆلەش ئىقتىدارىغا ئىگە بانكا ، سوت مەھكىمىسى قاتناشمىغان ئەھۋال ئاستىدا بانكىنىڭ ۋاقىتلىق تىجارەت توختاتقۇچى خادىمىنىڭ ئېنىقلاش تەرتىپىنى باشلاش ھوقۇقى بولىدۇ؛ قەرز بەرگۈچىنىڭ تۆلەپ بېرىش تەلىپى دۆلەت بانكىسى تەدبىر قوللانغاندىن كېيىنمۇ قوبۇل قىلىنمىسا ، لېكىن قەرز بەرگۈچى ئېنىقلاشنى كېچىكتۈرسە ياكى قانۇن - تەرتىپ بويىچە ئېنىقلاشنى خالىمىسا بانكىنىڭ قەرز بەرگۈچى خادىمى ئېنىقلاش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ :

**7 - ماددا سوت مەھكىمىسىنىڭ ھېساب ئېنىقلاشقا ئەرز سۇنۇش دېلولىرىدىكى دەلىل - ئىسپات**

قەرز بەرگۈچىنىڭ ئەرزنامىسى، تۆلەش ئىقتىدارى بولمىغان كارخانىلارنىڭ ئىلتىماسى، دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ تىجارەت كىنىشكىسى بولمىغان ياكى قانۇنسىز ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللانغان كارخانىلارغا بولغان ئىلتىماسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى سوت مەھكىمىسىنىڭ ھېساب ئېنىقلاشقا ئەرز سۇنۇش دېلولىرىنىڭ دەلىل ئىسپاتى بولالايدۇ.

تۆلەش ئىقتىدارى بولمىغان كارخانىلار بىلەن كارخانا ئىگىلىرى سۇنغان ئىلتىماسنى قايتۇرۇۋېلىشقا بولمايدۇ. قەرز بەرگۈچى سوت مەھكىمىسى ھېساب ئېنىقلاش ھۆكۈمىنى چىقىرىشتىن بۇرۇن ئەرزنى ئۆزى قايتۇرىۋالسا بولىدۇ.

**8 - ماددا قارارنىڭ ئەمەلدىن قېلىشى**

سوت مەھكىمىسى، قەرز بەرگۈچىلەر مەجلىسى، قەرز بەرگۈچىلەر كومىتېتى، ۋاقىتلىق ھېساب ئېنىقلىغۇچى ۋە ھېساب ئېنىقلىغۇچى شۇنداقلا كارخانىنىڭ قارار چىقىرىش ھوقۇقى بولمايدۇ، ئەگەر بۇ قارارلار مەزكۇر قانۇننىڭ 41 - ماددىسىدا بەلگىلەنگەن تەلەپكە زىت بولسا ياكى كاپالەت پۇلى بىلەن كېپىل بولغان قەرز ئالغۇچىنىڭ ھوقۇقى دائىرىسىنى چەكلەپ قويسا چىقىرىلغان قارار ئۈنۈمىنى يوقاتقان دەپ قارىلىدۇ.

## ئىككىنچى باب كارخانىنىڭ تۆلەش ئىقتىدارى بولمىغان ئەھۋالدىكى ۋەيران بولۇش شەرتى ۋە تەرتىپى

**9 - ماددا تۆلەش ئىقتىدارى بولمىغان كارخانىلارنىڭ سوت مەھكىمىسىگە ۋەيران بولۇش ئەرزىنى سۇنۇشتىكى شەرتى**

كارخانىنىڭ تۆلەش ئىقتىدارى بولمىغانلىق توغرىسىدىكى پاكىتقا نىسبەتەن تالاش - تارتىش يۈز بەرگەن ئەھۋال ئاستىدا ئەرز قىلىشنى ئىلتىماس قىلغان قەرز بەرگۈچى سوت مەھكىمىسىگە تۆۋەندىكى بىر نەچچە تەرەپنى ئىسپاتلاپ بېرىشى كېرەك:

مەزكۇر قانۇننىڭ 4 - ماددىسىدا بەلگىلەنگەن كارخانىنىڭ ھازىر بار بولغان قەرزى؛ كارخانىنىڭ قەرزنى ئېنىقلاش ئىقتىدارىنىڭ بولماسلىقى ياكى قەرزنى قايتۇرۇشنى رەت قىلىشى.

تۆۋەندىكى ئەھۋال ئاستىدا قەرز بەرگۈچى كارخانىنىڭ قەرز تۆلەشنى رەت قىلىشى ياكى تۆلەش ئىقتىدارى يوقلۇقىنى ئىسپاتلىسا بولىدۇ.

(1) ئەگەر سوت مەھكىمىسىنىڭ كارخانىنىڭ قەرزنى قايتۇرۇش توغرىسىدىكى قارارى ئىجرا قىلىنمىسا ياكى سوت مەھكىمىسى بەلگىلەپ بەرگەن مۇددەت ئىچىدە قايتۇرۇلمىسا؛ (2) قەرز بەرگۈچى قەرزنى قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلغان كۈندىن باشلاپ 21 كۈن ئىچىدە كارخانا قەرزنى قايتۇرمىسا؛ (3) ئەگەر قەرز بەرگۈچى سوت مەھكىمىسىنى كارخانىنىڭ مال - مۈلۈك سوممىسىنىڭ قەرز قايتۇرۇش سوممىسىدىن ئاز ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرسە، سوت مەھكىمىسىنىڭمۇ باشقا پاكىتلارغا ئاساسەن كارخانىنىڭ تۆلەش ئىقتىدارى يوق ئىكەنلىكىنى قارار قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ.

**10 - ماددا ۋەيران بولۇش تەرتىپىنىڭ باشلىنىشى**

(1) ھېساب ئېنىقلىغۇچىنى تەيىنلەش (تۆلەش ئىقتىدارى بولمىغانلىقتىن سوت مەھكىمىسىنىڭ نازارەت قىلىشى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا).

(2) مەزكۇر قانۇننىڭ 6 - ماددىسى 1 - 2، قىسمىنىڭ 4 - تارمىقىدا بەلگىلەنگەن ئەھۋال ئاستىدا، قەرز بەرگۈچى سوت مەھكىمىسىگە ئەرز

سۇنغان ، كارخانىنىڭ ئۆزى ياكى دۆلەت ئورگانلىرى سوت مەھكىمىسىگە ئىلتىماس سۇنغان كۈندىن باشلاپ ھېسابلىنىدۇ ؛

(3) كارخانا مەسئۇلى ياكى كارخانا ئىگىسى تۆلەش ئىقتىدارى بولغان كارخانىنى ئېنىقلاشنى تۆلەش ئىقتىدارى بولمىغان كارخانىنى ئېنىقلاشقا ئايلاندۇرۇش توغرىسىدىكى قارارنى چىقارغان كۈندىن باشلاپ ھېسابلىنىدۇ .

**11 - ماددا سوت مەھكىمىسى قاتناشمىغان ئەھۋال ئاستىدا كارخانىلارنىڭ ھېسابىنى ئېنىقلاش**

(1) كارخانا ئىگىسى ھېساب ئېنىقلاش قارارىنى چىقىرىدۇ ، دۆلەت ئورگانلىرى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ھېسابىنى ئېنىقلاش قارارىنى چىقىرىدۇ ؛ (2) جۇمھۇرىيەت گېزىتى ياكى ئوبلاست گېزىتىدە كارخانىنىڭ ھېسابىنى ئېنىقلاش ئېلانى چىقىرىلىدۇ ، ئاز دېگەندە ئىككى قېتىم ئېلان قىلىنىدۇ ، مۇددىتى 10 كۈندىن تۆۋەن بولمايدۇ ؛ (3) ئەڭ ئاخىرقى ئېلان چىقىرىلىپ ئىككى ھەپتىدىن كېيىن قەرز بەرگۈچى كارخانىنى تەكشۈرۈش مەقسىتىدە ئېلاندىكى ئادرېس ۋە ۋاقىت بويىچە يۈز كۆرۈشىدۇ ؛ (4) قەرز بەرگۈچىلەر مەجلىسى سوت مەھكىمىسى قاتناشمىغان ئەھۋال ئاستىدا كارخانا ھېسابىنى ئېنىقلاش قارارىنى چىقىرىدۇ ؛ (5) قەرز بەرگۈچىلەر مەجلىسى مەزكۇر قانۇننىڭ 25 - ماددىسىدىكى تەلەپ بويىچە تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلىنى ھېساب ئېنىقلىغۇچى قىلىپ تەيىنلەيدۇ .

ئېنىقلىغۇچىنى تەيىنلىگەن ۋاقىتتا ، كارخانىغا قارىتىلغان قەرزنى تۆلەش ۋە كارخانا مۈلكىنى تۇتۇپ تۇرۇش ھەرىكىتى توختىتىپ قويۇلىدۇ . قەرز بەرگۈچىلەر مەجلىسى قارار چىقىرىپ ئۈچ كۈن ئىچىدە ھېساب ئېنىقلىغۇچى ھەر قايسى گېزىتلەردە تەيىنلەش ئۇقتۇرۇشى چىقىرىدۇ .

ئەگەر قەرز بەرگۈچىلەر مەجلىسى مەزكۇر قانۇننىڭ 7 - ۋە 13 - ماددىسىدىكى قارار بويىچە سوت مەھكىمىسىگە ئەرز سۇنسا ، سوت مەھكىمىسى قاتناشمىغان ئەھۋال ئاستىدا تۆلەش ئىقتىدارى بولمىغان كارخانىلارغا نىسبەتەن ئېلىپ بېرىلغان ئېنىقلاش ھەرىكىتى توختىتىلىشى كېرەك .

**12 - ماددا تۆلەش ئىقتىدارى بولغان كارخانىلارنىڭ ھېسابىنى ئېنىقلاش قارارىدىكى شەرتلىرى**

تۆلەش ئىقتىدارى بولغان كارخانىلار ھېسابىنى ئېنىقلىغاندا تۆۋەندىكى شەرتلەر ئاساس قىلىنىدۇ :

(1) كارخانىلار ھېسابىنى ئېنىقلاش قارارى چىقىرىلىشى ؛ (2) مەزكۇر قانۇننىڭ 11 - ماددىسى 1 - قىسمىنىڭ 2 - ئۇقتىسىدا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە گېزىتتە ئېلان قىلىش ؛ (3) گېزىتتە ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ بىر ئاي ئىچىدە قەرز بەرگۈچى سوت مەھكىمىسىگە ئەرز سۇنمىسا ؛ (4) ھېساب ئېنىقلاشقا كىشى تەيىنلەش قارارىنى چىقىرىش .

ئەگەر كارخانىنى ئېنىقلاش ئېلانى چىقىرىلىپ بىر ئاي ئىچىدە ، سوت مەھكىمىسى كارخانىنى تۆلەش ئىقتىدارى بولمىغان كارخانا سۈپىتىدە ئېنىقلاش ئەرزىنى تاپشۇرۇپ ئالسا ، ئېنىقلانمىغان كارخانا سۈپىتىدە ئېنىقلاش ئەرزىنى تاپشۇرۇپ ئالسا ، ئېنىقلاناقچى بولغان كارخانا داۋاملىق ھالدا تۆلەش ئىقتىدارى بولغان كارخانا سۈپىتىدە ھېسابى ئېنىقلىنىدۇ .

ھېسابى ئېنىقلانغان تۆلەش ئىقتىدارى بولغان كارخانا مەسئۇلى يۇقىرىقى تەلەپنى ئورۇنلاشتىن سىرت ھېسابى ئېنىقلانغان كارخانىنىڭ بارلىق قەرز ئىگىلىرىگە يازما ئۇقتۇرۇش تارقىتىشى كېرەك .

تۆلەش ئىقتىدارى بولغان كارخانىنىڭ

ھېسابىنى ئېنىقلاشتا مەزكۇر قانۇندا بەلگىلەنگەن سوت مەھكىمىسى قاتناشمىغان ئەھۋال ئاستىدا تۆلەش ئىقتىدارى بولمىغان كارخانىلارنى ئېنىقلاش تەرتىپى بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ .

**13 - ماددا تۆلەش ئىقتىدارى بولغان كارخانىنىڭ ھېسابىنى ئېنىقلاشتا كارخانا ئىگىسىنىڭ مەسئۇلىيىتى**

كارخانا ئىگىسى تۆلەش ئىقتىدارى بولغان كارخانىنىڭ ھېسابىنى ئېنىقلاش قارارىنى چىقارغاندا كارخانىنىڭ قەرز بەرگۈچىگە تۆلەشكە تېگىشلىك قەرز مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ . قەرز بەرگۈچىنىڭ بارلىق قەرزىنى قايتۇرغاندىن كېيىن ، كارخانا پايچىكى بىلەن كارخانا قۇرغۇچى مال - مۈلۈكنى نورما بويىچە بۆلۈشىۋالىدۇ . ئەگەر مال - مۈلۈكنى سېتىش جەريانىدا ئەمەلىيەتتە كارخانىنىڭ تۆلەش ئىقتىدارى يوقلىقى سېزىلسە ، كارخانا ئىگىسى تۆلەش ئىقتىدارى بولغان كارخانا ھېسابىنى ئېنىقلاش تەرتىپىنى تۆلەش ئىقتىدارى بولمىغان كارخانا ھېسابىنى ئېنىقلاش تەرتىپىگە ئۆزگەرتىشى كېرەك . مەزكۇر قانۇننىڭ 12 - ماددىسى ۋە مەزكۇر ماددىنىڭ 1 - ۋە 2 - قىسمىدىكى تەلەپنى ئورۇنلىغاندىن كېيىن ، كارخانا مەزكۇر قانۇننىڭ 45 - ماددىسىدا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە ئۇنى تىزىمغا ئالغان ئورگانغا ھېساب ئېنىقلاشنى تاماملاش قارارىنىڭ قوشۇمچە نۇسخىسىنى تاپشۇرۇشى كېرەك . (داۋامى بار)

## روسىيە چەت ئەل ئۆمەكلىرى ۋە شەخسلەرنى كۈتۈۋېلىش ئۆلچىمىنى ئېلان قىلدى

« روسىيە خەۋەرلەر گېزىتى » نىڭ خەۋەر قىلىشىچە ، روسىيىنىڭ دۆلەت ئىچى مال باھا كۆرسەتكۈچىدە ئۆزگىرىش بولغانلىقتىن ، روسىيە مالىيە مىنىستىرلىكى 1994 - يىلى 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىكى « چەت ئەل ئۆمەكلىرى ۋە شەخسلەرنى كۈتۈۋېلىش ۋە مۇلازىمەت خىراجىتى ئۆلچىمى توغرىسىدىكى ھۆججەت » كە ئۆزگەرتىش كىرگۈزگەن . روسىيىنىڭ چەت ئەل ئۆمەكلىرى ۋە شەخسلەرنى كۈتۈۋېلىش خىراجىتىنىڭ ئۆلچىمى تۆۋەندىكىدەك :

تاماق پۇلى ( بىر ئادەمنىڭ بىر سوتكىلىق) 65 مىڭ رۇبلى ئىچىدە بولىدۇ ؛

ئەتىگەنلىك ، چۈشلۈك ، كەچلىك تاماق ياكى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى كۈتۈۋالغان باشقا تۈردىكى پائالىيەت خىراجىتى ( ھەر بىر قاتناشقۇچىنىڭ):

1) مىنىستىر ۋە مىنىستىر دەرىجىلىك خادىملار ، پارلامېنت ئەزاسى باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكى : 90 مىڭ رۇبلى ئىچىدە بولىدۇ ؛

2) باشقا ۋەكىللەر ئۆمىكى : 75 مىڭ رۇبلى ئىچىدە بولىدۇ . سۆھبەت ، سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆرۈش ۋاقتىدىكى ئاددىي يېمەكلىكلەر دۇكىنى مۇلازىمەت خىراجىتى ( ھەر بىر ئادەمنىڭ ھەر كۈنلۈك ، تەرجىمانلار ۋە ھەمراھ بولغان خادىملار) 4 مىڭ رۇبلى ئىچىدە بولىدۇ ؛

مەدەنىيەت مۇلازىمىتى (ھەر بىر ئادەمنىڭ ھەر كۈنلۈك ، تەرجىمان ۋە ھەمراھ بولغان خادىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) خىراجىتى : 8 مىڭ 500 رۇبلى ئىچىدە بولىدۇ .

كۈندىلىك مۇلازىمەت ۋە باشقا چىقىملار (ھەر بىر ئۆمەك ئەزالىرىنىڭ بىر كۈنلۈك):3 مىڭ 800 رۇبلى ئىچىدە بولىدۇ .

تەرجىمە ھەققى (بىرسائەتلىك): 17 مىڭ رۇبلى ئىچىدە بولىدۇ .

روس ئالاھىدىلىكىدىكى سوغاتلار (خاتىرە بۇيۇملىرى):

1) ئۆمەك باشلىقى : 63 مىڭ رۇبلى ئەتـ چىدە ؛

2) ئۆمەك ئەزالىرى : 37 مىڭ رۇبلى ئەتـ چىدە بولىدۇ.

بۇ ئۆلچەم 1995 - يىلى 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئىجرا قىلىنىدۇ.

## قازاقىستان بىلەن قىرغىزىستاننىڭ ئىقتىسادىي سودا ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى

قىرغىزىستان قازاقىستاننىڭ سودا شېرىكلىرى ئىچىدە 15 - ئورۇندا تۇرىدۇ، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا دۆلەتلەر دائىرىسىدە 6 - ئورۇندا تۇرىدۇ. قازاقىستان دۆلەتلىك ستاتىستىكا كومىتېتىنىڭ ماتېرىيالىغا ئاساسلانغاندا، 1995 - يىلىنىڭ ئالدىنقى سەككىز ئېيىدا قىرغىزىستاننىڭ جۇمھۇرىيەت سودا ئومۇمىي سوممىسىدىكى ئىگىلىگەن نىسبىتى 1.2% (مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا دۆلەتلەر دائىرىسىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 2%)، ئېكسپورت 1.6% (مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا دۆلەتلەر دائىرىسى ئىچىدە 2.9%)، ئىمپورت 0.6% (مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا دۆلەتلەر دائىرىسى ئىچىدە 1%) بولغان. قازاقىستان بىلەن قىرغىزىستاننىڭ 1995 - يىلىنىڭ ئالدىنقى سەككىز ئېيىدىكى سودا سوممىسىنى ئالدىنقى يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا 51% ئازىيىپ كەتكەن.

قازاقىستان دۆلەتلىك ستاتىستىكا كومىتېتى بىلەن ئىقتىساد مىنىستىرلىكى بىرلىشىپ تەمىنلىگەن ماتېرىياللارغا قارىغاندا، 1994 - يىلىدىكى سودا ئومۇمىي سوممىسى 212 مىليون 500 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى، قازاقىستان سودا سوممىسىدىكى پاسسىپ بالانس 92 مىليون 900 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولغان. 1995 - يىلىنىڭ ئالدىنقى سەككىز ئېيىدىكى سودا سوممىسى 72 مىليون 200 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى، ئېكسپورت سوممىسى 48 مىليون 900 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى، ئىمپورت سوممىسى 23 مىليون 300 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولغان، ئىمپورت ئازىيىپ كەتكەنلىكتىن، سودىدىكى سانلىق پەرق 25 مىليون 600 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولغان. 1995 - يىلى سودا سوممىسى 54.7% يەنى 96 مىليون 300 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى ئازىيىپ كەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، قازاقىستانغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، 1994 - يىلىدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا 1995 - يىلى سودىدا ئاكتىپ بالانس كۆرۈلۈشكە يۈزلەنگەن بولۇپ، پەرقلىق سومما 37 مىليون 800 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولغان.

قىرغىزىستان ئادەتتە قازاقىستاننى ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى (52.8% نى ئىگىلەيدۇ)، ئەسۋاب ۋە ماشىنا زاپچاسلىرى، (9.9% نى ئىگىلەيدۇ)، ئېلېكترو ماشىنا ۋە ئۈسكۈنە (9.0% نى ئىگىلەيدۇ)، مىنېرال يېقىلغۇ ماتېرىياللار (3.0% نى ئىگىلەيدۇ)، سېمونت (2.8% نى ئىگىلەيدۇ)، تاماكا (0.9% نى ئىگىلەيدۇ) ۋە پاختا (0.4% نى ئىگىلەيدۇ) قاتارلىقلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. تەخمىنەن 8% ئەينەك، تەييار مەھسۇلاتلار ۋە 3% سېمونت قىرغىزىستاندىن قازاقىستانغا توشۇلىدۇ. 1995 - يىلى قىرغىزىستاندىن قازاقىستانغا ئېكسپورت قىلىنىدىغان ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى مىقدارى تۆۋەنلەپ تەخمىنەن 85% كە چۈشۈپ قالدى. 1994 - يىلى قازاقىستان قىرغىزىستاندىن تەخمىنەن 20% ئېلېكتر ئېنېرگىيىسىنى ئىمپورت قىلدى، لېكىن 1995 - يىلى 5% كە چۈشۈپ قالدى.

قازاقىستان ئادەتتە قىرغىزىستانغا نېفىت

مەھسۇلاتلىرى ( 50.5% ) ، قارا رەڭلىك مېتال مەھسۇلاتلىرى (15.3%) ، ئاشلىق (3.9%) ، تراكتور قاتارلىق ترانسپورت ئۈسكۈنىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ سايمانلىرى ( 2.9% ) ، ئېلېكتر ماشىنا ۋە ئەسۋاب(2.9%) ، مىس (2.7%) ۋە خىمىيە سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى (1.3%) ئېكسپورت قىلىدۇ .

شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئومۇمىي ئېكسپورت مىقدارىنىڭ تەخمىنەن 10% نى ئىگىلەيدىغان شېكەر ، 5% نى ئىگىلەيدىغان قۇرۇقلۇق ترانسپورت ئۈسكۈنىلىرى ، ئېلېكترو ماشىنا ۋە كاۋچۇكتىن ياسالغان مەھسۇلاتلار ، تەخمىنەن 3% نى ئىگىلەيدىغان نېفىت مەھسۇلاتلىرى ، ئۇن ، گۈرۈچ ۋە تاشپاختا قاتارلىقلار قازاقىستاندىن قىرغىزىستانغا توشۇلىدۇ .

بۇ ئىككى دۆلەت ئۆز ئارا تاۋار ئالماشتۇرغاندىن سىرت يەنە ئۆز ئارا ئەمگەك مۇلازىمىتىنى ئېكسپورت قىلىدۇ . قازاقىستان كەلگەن ماتېرىياللارنى پىششىقلاپ ئىشلەش جەھەتتىكى (ئاساسەن خام نېفىتنى تەييار مەھسۇلات قىلىپ پىششىقلاپ ئىشلەش) ئەمگەك مۇلازىمىتىنى ، تەبىئىي تۇرۇبىلارنىڭ چېگرىدىن كىرىش - چىقىش جەھەتتىكى ۋە قازاقىستان ، ئۆزبېكىستان ، قىرغىزىستانلارنىڭ دۆلەتتىن ھالقىغان ئىجرائىيە كومىتېتلىرىغا مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەردىكى ئەمگەك مۇلازىمىتىنى ئېكسپورت قىلىدۇ .

قىرغىزىستان قازاقىستانغا مىسنى پىششىقلاپ ئىشلەپ مىس سىم ۋە كابېل ياساش جەھەتتىكى ئەمگەك مۇلازىمىتىنى ئېكسپورت قىلىدۇ .

قازاقىستان ئىقتىسادىي مىنىستىرلىكىنىڭ ماتېرىياللىرىغا قارىغاندا ، 1995 - يىلىنىڭ ئالدىنقى ئۈچ پەسلىدە قازاقىستان قىرغىزىستانغا ئېكسپورت قىلغان ئەمگەك مۇلازىمىتىنىڭ سوممىسى 2 مىليون 420 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا ، قىرغىزىستاندىن ئىمپورت قىلغان ئەمگەك مۇلازىمىتىنىڭ سوممىسى 1 مىليون 200 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا ، ئەمگەك مۇلازىمىتىدىكى ئاكتىپ بالانس 1 مىليون 220 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن ، بۇ قازاقىستان ئۈچۈن پايدىلىق . قازاقىستان سودىسىدىكى پەرقلىق سوما يەنىلا ئاكتىپ بالانس ھالىتىدە بولۇپ ، 26 مىليون 820 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى .

ھەر قايسى جۇمھۇرىيەتلەر مۇستەقىللىققا ئېرىشكەندىن كېيىن ، بۇ دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ئىقتىسادىي سودا ئالاقىسى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا دۆلەتلەر ئارىسىدا شەكىللەنگەن قائىدە بويىچە تەرەققىي قىلدى .

1993 - يىلدىن باشلاپ ، قازاقىستان بىلەن قىرغىزىستاننىڭ ئىقتىسادىي سودا ھەمكارلىق كېلىشىمى ئاساسىدا دۆلەتتىن ھالقىپ تاۋار ئالماشتۇرۇش سودىسى ئىشقا ئاشتى . لېكىن نۇرغۇنلىغان سودا چەكلىمىلىرى ( تاموژنا بېجى ۋە باشقا ھەر خىل باجلار) ، ئۆز دۆلەت پۇلىنىڭ ئىشلىتىلىشى ، كارخانىلاردا مەبلەغ كەم بولۇش ۋە پۇل تاپشۇرماسلىق يولىغا مېڭىش قاتارلىقلار سودا سوممىسىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى .

قىرغىزىستان ئىقتىسادىي سودا ئالاقىسىنى بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلاندۇرۇش جەريانىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن ، 1994 - يىلى 4 - ئايدا قازاقىستان بىلەن ئۆزبېكىستان 1994 - يىلى 1 - ئايدا ئىمزالىغان بىرلىككە كەلگەن ئىقتىسادىي رايون قۇرۇش شەرتنامىسىگە كىردى .

قازاقىستان ، قىرغىزىستان ۋە ئۆزبېكىستاندىن ئىبارەت بۇ ئۈچ دۆلەت دۆلەتتىن ھالقىغان كومىتېت ۋە بۇ كومىتېتنىڭ خىزمەت ئورگىنى يەنى ئىجرائىيە كومىتېتىنى ، ئۈچ دۆلەتنىڭ زۇڭلى كومىتېتىنى ، تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى كېڭەش مەجلىسىنى

قۇردى .

شەرتنامىدە بەلگىلەنگەن شەرتلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ، ئىقتىسادنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇشنى چوڭقۇرلاشۇرىدىغان دۆلەتتىن ھالقىغان ھۆكۈمەت كومىتېتىنى قۇرۇپ چىقتى ، ماتېرىيال يېزىش پىلانىنى تەييارلاپ ، ئۈچ تەرەپنىڭ ھەمكارلىشىش جەھەتتىكى مۇھىم نۇقتىلىرىنى نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسىنى تەشكىللىدى .

لېكىن ، بىرلىككە كەلگەن ئىقتىسادىي رايون شەرتنامىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈنۈمىنى يارىتىش ئىنتايىن تۆۋەن . 1994 – ۋە 1995 – يىللىرى ھەر قايسى جۇمھۇرىيەتلەر يەنىلا ئەسلىدىكى ئۇسۇل بويىچە ئىككى تەرەپ ئۆز ئارا تاۋار بىلەن تەمىنلەش شەرتنامىسى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي سودا ئالاقىسىنى داۋاملاشتۇردى .

قازاقىستان بىلەن قىرغىزىستان ئوتتۇرىسىدىكى سودا مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە سودا سوممىسىنىڭ تۆۋەنلەش سەۋەبىنى ئانالىز قىلىشقا قارىغاندا ، كېلىشىمگە ئاساسەن تەمىنلەيدىغان كېلىشىم قىممىتى سودىنىڭ تەگپۇگلىقىغا زور تەسىر كۆرسىتىدىكەن . 1994 – يىلى قىرغىزىستان قازاقىستانغا ئېكسپورت قىلغان ئېلېكتر ئېنېرگىيىسىنىڭ باھاسى ھەر مىڭ ۋات – سائەتنىڭ ئۈچ يۈك بولغان ، لېكىن قىرغىزىستاندىكى ئىستېمالچىلار ئىشلىتىدىغان ئېلېكتر ئېنېرگىيىسىنىڭ باھاسى ھەر مىڭ ۋات – سائەتنىڭ بىر يۈگدىن بولىدۇ . قازاقىستان ئېلېكتر ئېنېرگىيىسىنىڭ يۇقىرى باھادا سېتىلغانلىقىغا دىققەت قىلغان ۋاقىتتا ، 1995 – يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدا قىرغىزىستاننىڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلىشىنى رەت قىلغان ئىدى . بۇ ئالدى بىلەن قىرغىزىستاننىڭ توكتوگۇل سۇ ئامبىرىدىن قازاقىستاننى سۇ بىلەن تەمىنلەشنى توختىتىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى . ئىككى تەرەپكە ئۆز ئارا پايدا يەتكۈزۈش ئاساسىدا ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى ، سۇ ۋە كۆمۈر بىلەن تەمىنلەش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ، 1995 – يىلى 6 – ئايدا ئىككى تەرەپ ھۆكۈمىتى ئۆز ئارا سۇ ، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى ۋە كۆمۈر بىلەن تەمىنلەش كېلىشىمنامىسىگە ئىمزا قويدى . بۇ كېلىشىمنامىدە ، قازاقىستان قىرغىزىستاننى 285 مىڭ توننا كۆمۈر بىلەن تەمىنلەش ، 450 مىليون ۋات – سائەت ئېلېكترگە كېچە – كۈندۈز توختىماي يەتكۈزۈلۈپ تۇرىدىغان ھەر سېكونتتىغا 650 كۇب مېترلىق سۇنى ئالماشتۇرۇش بەلگىلەندى .

سودىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ، بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلاندۇرۇش جەريانىنى كېڭەيتىش ، بۇزۇلغان ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە پايدىلىق شارائىت يارىتىش ئۈچۈن قازاقىستان ، ئۆزبېكىستان ، قىرغىزىستان بىرلىكتە 1995 – يىلى 6 – ئاينىڭ 22 – كۈنى ئەركىن سودا كېلىشىمنى ئىمزالىدى . ئىلگىرىكى سودا تۈزۈمىنى توختىتىپ ، ئۆز ئارا تاۋار بىلەن تەمىنلەشتە ئېلىنىدىغان باج توغرىسىدىكى كېلىشىمنامىنى ئەمەلدىن قالدۇردى . بۇ ئۈچ دۆلەت 6 – ئاينىڭ 22 – كۈنى تۈزگەن ئەركىن سودا كېلىشىمى تەستىقلانغان كۈندىن باشلاپ ئىناۋەتلىك .

بۇلاردىن باشقا ، قىرغىزىستان تاموژنا باج ئىتتىپاقدىشىنى قۇرۇشنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى ، تاموژنا باج ئىتتىپاقدىشىغا كىرىش قارارى ماقۇللاندى ۋە بېلورۇسىيە ، قازاقىستان ، قىرغىزىستان ، روسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ باشلىقلىرى 1995 – يىلى 9 – ئاينىڭ 22 – كۈنى ئاچقان خىزمەت يىغىنىدىكى شەرتنامىغا ئاساسەن « تاموژنا باج ئىتتىپاقدىشى » غا كىرىش كېلىشىم ھۆججىتىنى تەييارلاش خىزمىتى باشلىنىپ ، يىلنىڭ ئاخىرى تاماملاندى .

قىرغىزىستان تاشقى ئىقتىساد قانۇن تۈر-

نىنىڭ بىرلىك ئاساسىدا تاموژنا باج ئىتتىپاقدى- شىغا ئەزا بولۇپ كىرگەن، ھازىر تاموژنا باج ئىتتىپاقدىشىغا ئەزا دۆلەتلەر ئارىسىدىكى سودا ئىشلىرى جەھەتتە تېخىمۇ پايدىلىق شارائىت ھا- زىرلاشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

## قازاقىستاننىڭ قىرغىزىستانغا ئېكسپورت قىلغان تاۋار تۈزۈلمىسى (بىرلىكى: مىليون دوللار)

| تاۋار ئىسمى | 1994 - يىلى | | | 1995 - يىلىنىڭ ئالدىنقى 8 ئېيىدا | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئومۇمىي سومما | تاۋار ئىگىلىگەن نىسبەت | تۈزۈلمە ئىگىلىگەن % | ئومۇمىي سومما | تاۋار ئىگىلىگەن نىسبەت % | تۈزۈلمە ئىگىلىگەن % |
| ئومۇمىي سان | 59.8 | 1.8 | 100 | 48.9 | 1.6 | 100 |
| مىنېرال يېقىلغۇ ماتېرىيال، نېفىت مەھسۇلاتلىرى | 37.4 | 4.0 | 62.5 | 24.70 | 3.5 | 50.5 |
| قارا رەڭلىك مېتال | 8.4 | 1.4 | 14.0 | 7.50 | 1.1 | 15.3 |
| قارا رەڭلىك مېتال مەھسۇلاتلىرى | 0.2 | 0.5 | 0.3 | 0.5 | 1.2 | 1.0 |
| مىس ۋە مىس مەھسۇلاتلار | 2 | 0.5 | 3.3 | 1.3 | 0.3 | 2.7 |
| ئانئورگانىك خىمىيوى مەھسۇلاتلار | 0.5 | 0.2 | 0.8 | 0.6 | 0.3 | 1.3 |
| سۇلياۋ، سۇلياۋ مەھسۇلاتلىرى | 0.22 | 1.0 | 0.4 | 0.2 | 0.8 | 0.4 |
| كاۋچۇك، كاۋچۇك بۇيۇملىرى | 0.18 | 2.0 | 0.3 | 0.29 | 4.1 | 0.6 |
| تاشپاختا، سېمونت، گۈڭگۈرت | – | – | – | 1.60 | 3.6 | 3.3 |
| ئەسۋاب، ماشىنا ئۈسكۈنىلىرى | 0.7 | 1.0 | 1.2 | 1.2 | 2.3 | 2.5 |
| قۇرۇقلۇق ترانسپورت ئۈسكۈنىلىرى | 0.6 | 2.1 | 1.0 | 1.40 | 4.5 | 2.9 |
| ئېلېكترو ماشىنا | – | – | – | 1.40 | 4.8 | 2.9 |
| ئۇن، گۈرۈچ | 0.1 | 0.6 | 0.1 | 0.46 | 2.4 | 0.9 |
| شېكەر | 1.3 | 16.8 | 2.1 | 0.15 | 9.4 | 0.3 |
| ئاشلىق | 0.4 | 0.4 | 0.7 | 1.9 | 1.0 | 3.9 |
| باشقا مەھسۇلاتلار | 7.4 | 0.9 | 12.4 | 5.4 | 0.8 | 11.1 |

## قازاقىستان بىلەن قىرغىزىستاننىڭ تاشقى سودا سوممىسى (بىرلىكى: مىليون دوللار)

| | 1994 - يىلى | | | 1995 - يىلىنىڭ ئالدىنقى 8 ئاي | | | 1995 - يىلىدىكى مۆلچەر | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | نىسبەت % | | | نىسبەت % | | | نىسبەت % | |
| | ئومۇمىي سومما | ئىگىلىگەن ئومۇمىي سان | مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدە ئىگىلىگىنى | ئومۇمىي سان | ئىگىلىگەن ئومۇمىي سان | مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدە ئىگىلىگىنى | ئومۇمىي سان | ئىگىلىگەن ئومۇمىي سان | مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدە ئىگىلىگىنى |
| ئومۇمىي مىقدار | 221.5 | 2.7 | 4.8 | 72.2 | 1.2 | 2 | 96.3 | 1.2 | 2.1 |
| ئېكسپورت سوممىسى | 59.8 | 1.8 | 3 | 48.9 | 1.6 | 2.9 | 67 | 1.7 | 2.8 |
| ئىمپورت سوممىسى | 152.7 | 4 | 6.3 | 23.3 | 0.6 | 1 | 29.3 | 0.8 | 1.2 |
| تاشقى سودىدىكى پەرق سان | 92.9 | — | — | 25.6 | — | — | 37.7 | — | — |

## قازاقىستاننىڭ قىرغىزىستانغا ئېكسپورت قىلغان مەھسۇلات تۈزۈلمىسى (بىرلىكى : مىليون دوللار)

| تاۋار ئىسمى | 1994 - يىلى | | | 1995 - يىلىنىڭ ئالدىنقى 8 ئېيىدا | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئومۇمىي سومما | تاۋار ئىگىلىگەن نىسبەت % | تۈزۈلمە ئىگىلىگەن % | ئومۇمىي سومما | تاۋار ئىگىلىگەن نىسبەت % | تۈزۈلمە ئىگىلىگەن % |
| ئومۇمىي مىقدار | 152.7 | 4.0 | 100 | 23.3 | 1.1 | 100 |
| ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى | 126 | 21.6 | 82.5 | 12.3 | 5.3 | 52.8 |
| مىنېرال يېقىلغۇ ماتېرىيال ، نېفىت مەھسۇلاتلىرى | 0.6 | 0.2 | 0.4 | 0.70 | 0.3 | 0.4 |
| ئانئورگانىك خىمىيىۋى مەھسۇلات | 0.1 | 0.3 | 0.1 | 0.10 | 0.3 | 0.4 |
| ئەسۋاب ۋە ماشىنا ئۈسكۈنىلىرى | 1.4 | 0.3 | 0.9 | 2.3 | 0.7 | 9.9 |
| ئېلېكترو ماشىنا | 1.2 | 0.4 | 0.8 | 2.10 | 1.4 | 9.0 |
| قۇرۇقلۇق ترانسپورت ئۈسكۈنىلىرى | — | — | — | 0.86 | 0.7 | — |
| تاشپاختا ، ھاك ، سېمونت | 1.9 | 21.6 | 1.2 | 0.65 | 3.2 | 2.8 |
| ئەينەك ۋە ئەينەك بۇيۇملىرى | — | — | — | 0.70 | 8.1 | — |
| پاختا | 0.2 | 3.1 | 0.1 | 0.10 | 1.7 | 0.4 |
| تاماكا | 2.5 | 9.5 | 1.6 | 0.2 | 0.7 | 0.9 |
| باشقا مەھسۇلاتلار | 18.6 | 1.1 | 12.2 | 3.2 | 0.9 | 13.7 |

## مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى ۋە ئېھتىياجىنىڭ ئۈنۈمىگە قارىشى تەدبىرى

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى، يېڭى - كونا ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ ئالمىشىشى ۋە قۇرغاقچىلىق ئاپىتى قاتارلىق نۇرغۇنلىغان سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى ناچار بولدى. 1994 - يىلى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ ئاشلىق مەھسۇلات مىقدارى ئومۇمىيۈزلۈك تۆۋەنلەپ كەتتى. مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا دۆلەتلەر ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ دۆلەت ۋە ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئەڭ چوڭ جۇمھۇرىيەت روسىيە فېدېراتسىيىسىنى مىسال قىلساق، روسىيىنىڭ 1995 - يىلىدىكى ئاشلىق مەھسۇلات مىقدارى پەقەت 65 مىليون توننا بولۇپ، 1994 - يىلىدىكى ئاشلىق مەھسۇلات مىقدارىغا (81 مىليون 300 مىڭ توننا) قارىغاندا 16 مىليون 300 مىڭ توننا يەنى 20% ئاز. ئاشلىقتىن كەم ھوسۇل ئېلىنغانلىقتىن ئاشلىق سېتىۋېلىش خىزمىتىگە بىۋاستە تەسىر يەتكۈزدى. 1995 - يىلىنىڭ بېشىدىن باشلاپ 10 - ئايغىچە بولغان ۋاقىتتا ئومۇمەن 7 مىليون 800 مىڭ توننا ئاشلىق سېتىۋېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە روسىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ زاپاس ساقلىشى ئۈچۈن پەقەت 626 مىڭ توننا تاپشۇرۇلدى، بۇ بەلگىلىمىدىكى مىقدارنىڭ ئاران 7.3% نى ئىگىلەيدۇ. مانا بۇ دۆلەت ئامبىرىدا يېتەرلىك ئاشلىق يوق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ھازىر روسىيىنىڭ ئاھالىسى 148 مىليون بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى 74% ئاھالە شەھەر ئىچىدە ئولتۇراقلاشقان، روسىيىنىڭ پايتەختى موسكۋادا 9 مىليوندىن كۆپرەك ئادەم بار. ئەگەر يۇقىرىدىكى مەھسۇلات بويىچە تەقسىم قىلىنغاندا، كىشى بېشىغا پەقەت 439 كىلوگرامدىن ئاشلىق توغرا كېلىدۇ. بۇ ئاشلىقتىن ئۇرۇقلۇق، يەم - خەشەك ۋە سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان ئاشلىقنى چىقىرىۋەتكەندە قالغان ئاشلىق ھەر بىر ئاھالىنىڭ ئىستېمال ئېھتىياجىغا يەتمەيدۇ. ئەسلىدە روسىيە فېدېراتسىيىسى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى يەر كۆلىمى ئەڭ چوڭ، ھۆل - يېغىن كۆپ، سۇ مەنبەسى مول بولغان بىر جۇمھۇرىيەت بولۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە ئىدى، 80 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 90 - يىللارنىڭ باشلىرىغىچە ئاشلىق مەھسۇلات مىقدارى ئۇدا ئۈچ قېتىم 100 مىليون توننىلىق ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتكەن، يىللىق ئەڭ يۇقىرى مەھسۇلات مىقدارى 116 مىليون 700 مىڭ توننىغا يەتكەن. لېكىن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ، ھەر قايسى جۇمھۇرىيەتلەر مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، 1994 - يىلىدىكى ئاشلىق مەھسۇلات مىقدارى 1963 - يىلىدىن بۇيانقى ئەڭ تۆۋەن نۇقتىغا چۈشۈپ قالدى.

مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا دۆلەتلەر ئىچىدە ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشتىكى يەنە بىر چوڭ دۆلەت قازاقىستان. لېكىن قازاقىستاننىڭ 1994 - يىلىدىكى ئاشلىق مەھسۇلات مىقدارى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتتى. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە ستاتىستىكا قىلىشىچە، قازاقىستاننىڭ 1995 - يىلىدىكى ئاشلىق مەھسۇلات مىقدارى پەقەت 10 مىل-

يون توننىدىن كۆپرەك بولغان. هازىر قازاقىستاننىڭ ئاھالىسى 17 مىليون بولۇپ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئاشلىق پەقەت 588 كىلوگرام. شۇڭا بۇنى، مەيلى ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى بولسۇن، مەيلى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىقدار بولسۇن ھەممىسىنى 30 يىلدىن بۇيانقى ئەڭ تۆۋەن سەۋىيە دېيىشكە بولىدۇ. كىشىلەرگە مەلۇمكى، قازاقىستان سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئەڭ مۇھىم تاۋار ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بولۇپ، يىللىق ئەڭ يۇقىرى ئاشلىق مەھسۇلات مىقدارى 34 مىليون 530 مىڭ توننىدىن ئېشىپ، شۇ يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئومۇمىي ئاشلىق مەھسۇلات مىقدارىنىڭ 19.3% نى ئىگىلىگەن. شۇڭا قازاقىستان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىنىڭ يەنى ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان، تۈركمەنىستان قاتارلىق دۆلەتلەر ۋە روسىيە فېدېراتسىيىسى، ئۇرال ھەم مەركىزىي رايونلارنىڭ ئاشلىققا بولغان ئېھتىياجىنى ئاساسلىق قاندۇرىدىغان ئوبلاست ئىدى. يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يەنى مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن گەرچە ئاشلىق مەھسۇلات مىقدارى بىر يىل 30 مىليون توننىدىن ئاشقان بولسىمۇ، باشقا يىللىرى ئاشلىق مەھسۇلات مىقدارى نورمال ياكى تۆۋەن بولدى. 1994 ـ يىلى قازاقىستاننىڭ ئاشلىق مەھسۇلات مىقدارى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ، پەقەت قازاقىستاننىڭ ئاشلىق ئىستېمال بازىرىغا تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي، يەنە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر، روسىيە فېدېراتسىيىسى ۋە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئاشلىق ئىستېمال بازىرىغىمۇ مۇئەييەن دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتتى. مەسىلەن: بۇندىن ئىككى يىل بۇرۇن، قازاقىستاننىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى بىر قەدەر ياخشى بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنى 3 مىليون توننا ئاشلىق بىلەن تەمىنلىگەندىن سىرت، روسىيە فېدېراتسىيىسى ۋە ئۇكرائىنانىڭ قازاقىستاندىن ئىمپورت قىلىدىغان بەلگىلىك مىقدارىدىكى (ئومۇمەن تەخمىنەن 4 مىليون 100 مىڭ توننا) ئاشلىقنى قازاقىستان ئىمكان قەدەر ھەل قىلىپ بېرەتتى. ھازىر قازاقىستاننىڭ ئاشلىق مەھسۇلات مىقدارى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتكەن ئەھۋال ئاستىدا، يۇقىرىدىكى تەلەپنى قاندۇرۇش مۇمكىن ئەمەس.

قائىدە بويىچە ئېيتقاندا، ئۇكرائىنامۇ مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا دۆلەتلەر ئىچىدە ئاساسلىق ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىككىنچى ئاشلىق ئامبىرى» دەپ ئاتىلاتتى. مول ھوسۇللۇق يىللىرى ئۇكرائىنا ئىشلەپچىقارغان ئاشلىق 51 مىليون توننىدىن ئېشىپ، دۆلەت سېتىۋالغان ئاشلىق 17 مىليون توننىغا يەتكەنىدى. لېكىن، يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ئۇكرائىنانىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى تازا ياخشى بولمىدى. بولۇپمۇ 1995 ـ يىلى يېقىلغۇ ماتېرىياللىرى ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىغانلىقتىن، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان نۇرغۇنلىغان ماشىنىلارنى ئىشلەتكىلى بولمىدى، بۇ يېزا ئىگىلىك زىرائەتلىرىنى تېرىش، كۆلتىۋاتسىيە قىلىش ۋە ھوسۇل يىغىش قاتارلىق مەشغۇلاتلارغا تەسىر كۆرسەتتى. دېھقانلارنىڭ ئەھۋالى قىيىنلاشتى. ئاشلىق مەھسۇلات مىقدارى گەرچە 1995 ـ يىلى بىر ئاز كۆپەيگەن بولسىمۇ، لېكىن يۇقىرىدىكى سانلاردىن خېلى تۆۋەن بولۇپ، پەقەت 17 مىليون 500 مىڭ توننىغا يېتىپ، كىشى بېشىغا 337 كىلوگرامدىن توغرا كەلدى؛ دۆلەت ئاران 4 مىليون 700 مىڭ توننا ئاشلىق سېتىپ ئالالىدى، بۇ دۆلەتنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىش پىلانىنىڭ يېرىمىغىمۇ يەتمەيدۇ.

بېلورۇسسىيىنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىمۇ ياخشى ئەمەس، 1994 ـ يىلىدىكى

ئاشلىق مەھسۇلات مىقدارى ئالدىنقى يىلدىكىگە قارىغاندا 300 مىڭ توننا ئازىيىپ كەتكەن بولۇپ، پەقەت 6 مىليون توننا ھوسۇل ئېلىنغان، بۇ كىشى بېشىغا 571 كىلوگرامدىن توغرا كېلىدۇ. لېكىن بېلورۇسىيە ئاشلىقنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈپ ئاشلىق سېتىۋېلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللانغانلىقتىن، دۆلەتنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىشى 1994 - يىلىغا قارىغاندا ياخشى بولۇپ 1 مىليون 700 مىڭ تونندىن ئاشتى. شۇڭا دۆلەت مۇئەييەن مىقداردىكى تاۋار ئاشلىقنى تۇتۇپ تۇرغانلىقتىن، گەرچە ئاشلىق مەھسۇلات مىقدارى تۆۋەنلەپ كەتسىمۇ، ئاھالىلەرنىڭ ئاشلىققا بولغان ئېھتىياجىنى يەنىلا ئاساسىي جەھەتتىن قاندۇرۇپ كەلدى. لېكىن بېلورۇسىيىنىڭ ھازىرقى يىللىق ئاشلىق مەھسۇلات مىقدارى مۇستەقىل بولۇشتىن ئىلگىرىكى يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 7 مىليون 800 مىڭ تونىنلىق سەۋىيىگە قارىغاندا كۆپ تۆۋەن؛

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەرنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى ناچار، بولۇپمۇ روسىيە فېدېراتسىيىسى، قازاقىستان، ئۇكرائىنا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئاشلىق مەھسۇلات مىقدارى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتتى، بۇنىڭ بىلەن بارلىق مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى دائىرىسىدە ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش جىددىيلەشتى، مۇئەييەن مىقداردىكى ئاشلىقنى ئىمپورت قىلىش زۆرۈر بولدى. خەۋەرلەرگە قارىغاندا روسىيە فېدېراتسىيىسى ئاز دېگەندە 5 مىليون تونندىن 6 مىليون توننىغىچە بولغان ئاشلىقنى ئىمپورت قىلىدىكەن، باشقا دۆلەتلەرمۇ بىر قىسىم ئاشلىقنى ئىمپورت قىلىدىكەن.

بۇنىڭدىن باشقا، دۇنيا ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىيىتىدىن قارىغاندا ئوخشاشلا كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئاشلىق يېزا ئىگىلىك تەشكىلاتىنىڭ ئېلان قىلغان سانلىق مەلۇماتىغا قارىغاندا، 1995 - يىلى پۈتۈن دۇنيادىكى ئاشلىق مەھسۇلات مىقدارى 1 مىليارد 883 مىليون توننا بولغان، بۇ ئاشلىقتىن ياخشى ھوسۇل ئېلىنمىغان 1994 - يىلدىكىگە قارىغاندا 3.3% ئاز، بۇنىڭدىن باشقا ئۇدا ئۈچ يىل مەھسۇلات مىقدارى ئىستېمال مىقدارىدىن تۆۋەن بولۇپ تەمىنلەش ئېھتىياجىنى قاندۇرالماي كەلمەكتە. مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئانالىز قىلىشىچە، يۇقىرىدىكى ئەھۋاللارنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب تۆۋەندىكى ئىككى تۈرلۈك ئامىل ئىكەن: بىرىنچى، دۇنيادىكى ئاشلىق ئىشلەپچىقارغۇچى چوڭ دۆلەتلەر مەسىلەن: ئامېرىكا، روسىيە فېدېراتسىيىسى، قازاقىستان، ئۇكرائىنا، ئىسپانىيە، ئارگېنتىنا ۋە ئاۋستىرالىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ھاۋا ئىسسىق، قۇرغاق بولغانلىقتىن ئاشلىقتىن ياخشى ھوسۇل ئالالمىغان؛ ئىككىنچى، ئاشلىق ئېكسپورت ئىشلىرىغا ئۇزۇن ۋاقىتتىن بېرى ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم قىلىۋاتقان ياۋروپا ئىتتىپاقى بۇ خىل ياردەمنى ئەمەلدىن قالدۇردى ۋە ئاشلىق ئېكسپورت قىلغاندا باج ئېلىشنى يولغا قويىدى، بۇ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئاشلىقنىڭ خەلقئارالىق بازارغا كىرىشىنى زور دەرىجىدە چەكلىدى. ئاشلىق مەھسۇلات مىقدارىنىڭ ئۇدا تۆۋەنلەپ كېتىشى بىلەن دۇنيا ئاشلىق ئامبىرىدىكى ئاشلىقمۇ ئازىيىپ كەتتى. ئەنگىلىيىدىكى ئېھتىياجدىن ئېشىپ كەتكەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى مەخسۇس باشقۇرىدىغان مەلۇم بىر ئىدارىنىڭ ئاشكارىلىشىچە، ياۋروپانىڭ ئاشلىق ئامبىرىدىكى 33 مىليون توننا ئاشلىق ئازىيىپ 5 مىليون 500 مىڭ توننا قالغان. دۇنيا ئاشلىق ئامبىرىنىڭ كاپالەتلەندۈرۈش دەرىجىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا: بۇندىن يەتتە يىل ئاۋۋال

دۇنيا ئامبىرىدىكى ئاشلىق 104 كۈن تەمىنلەشكە يېتەتتى، لېكىن 1995 - يىلى پەقەت 53 كۈن تەمىنلەشكە يەتكۈدەك قالدى، 1996 - يىلى تېخىمۇ ئازىيىپ ئاران 49 كۈن تەمىنلەشكە يەتكۈدەك قېلىشى مۇمكىن. ئاشلىق مەھسۇلات مىقدارىنىڭ ئۇدا تۆۋەنلەپ كېتىشى، ئامبارلاردىكى ئاشلىقنىڭ ئازىيىشى، ئېھتىياج مىقدارىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىشى ئاشلىق باھاسىنىڭ ئۆرلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ھېسابلىشىچە، 1995 - يىلنىڭ بېشىدىن باشلاپ 10 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئاشلىقنىڭ باھاسى تەخمىنەن %30 ئۆسكەن، قارىغاندا 1996 - يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدا دۇنيا ئاشلىق بازىرىدا ئاشلىقنىڭ باھاسى يەنە يۇقىرى بولىدىكەن، ئەگەر دۇنيا ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىيىتى ياخشىلانمىسا ئاشلىقنىڭ باھاسى داۋاملىق ئۆرلەيدىكەن.

مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا ھەر قايسى دۆلەتلەر ۋە دۇنيانىڭ ھازىرقى ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ھەم ئىستېمال بازىرىنىڭ جىددىي ۋەزىيىتىگە چوڭقۇر ئەھمىيەت بېرىشىمىز، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، مۇۋاپىق چارە - تەدبىرلەرنى بەلگىلەپ ۋە قوللىنىپ خەلقئارا ئاشلىق بازىرىدا ئۈستۈنلۈكنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. ئاپتونوم رايونىمىز 1978 - يىلىدىن بۇيان يېزا ئىگىلىكىدە ئۇدا 18 يىل مول ھوسۇل ئالدى، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ئۇدا ئاشتى. بولۇپمۇ 1992 - يىلىدىن 1995 - يىلىغىچە ئاشلىقنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مەھسۇلات مىقدارى 7 مىليون توننىدىن ئاشتى، 1995 - يىلى تارىختىن بۇيانقى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يېتىپ بولۇپ 7 مىليون 300 مىڭ تونىغا يەتتى. شىنجاڭ قازاقىستان، قىرغىزىستان ۋە تاجىكىستانلار بىلەن چېگرىداش بولۇپ، چېگرا سىزىقى 3600 كىلومېترغا يېتىدۇ، قۇرۇقلۇق ۋە ئاۋىئاتسىيە جەھەتتە 10 سودا ئېغىزى بار، ئالاھىدە يەر ئەۋزەللىكىگە ئىگە؛ ئۇزۇن مۇددەت قۇرۇپ چىققان سودا مۇناسىۋىتى بولۇپمۇ يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان يېگىدىن تۇرغۇزغان ئاشلىق سودا مۇناسىۋىتى بار. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتتە، بىز ئۈچۈن پايدىلىق. لېكىن بۇ پۇرسەتنى تۇتقىلى بولامدۇ يوق، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئۇنى رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرالامدۇق - يوق؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ سۇبيېكتىپ تىرىشچانلىقىمىزغا باغلىق. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئاشلىق مەھسۇلات مىقدارى ۋە ئىستېمال سەۋىيىسىگە قارىغاندا دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بازارلارنى 500 مىڭ توننا ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش مۇمكىن. ئەلۋەتتە بۇ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن يەنە نۇرغۇنلىغان خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە يەنى ماكرولۇق كونترول قىلىشقا، كارخانا ئىگىلىكىنى باشقۇرۇشقا ماھىر بولۇشقا، قاتتىق تەلەپ قويۇشقا، ھەققانىي رىقابەتلىشىشكە توغرا كېلىدۇ. ئىلگىرى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ چېگرا سودا ئىشلىرىدا ساقلىنىۋاتقان ئاساسلىق مەسىلىلەر ماكرولۇق كونترول قىلىش كۈچسىز، سودا تەرتىپى رەتسىز ئىدى؛ بىر سودا بولۇپ قالسا، نۇرغۇنلىغان شىركەت ۋە يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ ھەممىسى شۇ سودىنى قىلىشقا ئالدىرايتتى، ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ باھاسىنى ئىمكانقەدەر تۆۋەنلىتىپ ساتسا، ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلارنىڭ باھاسىنى ئۆز - ئارا يۇقىرى كۆتۈرۈپ تالىشىپ سېتىۋالاتتى. بۇ ئەھۋال ئاپتونوم رايونىمىزنى ئىككى تەرەپتىن زىيانغا ئۇچرىتىپ، چېگرا سودىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىتىۋەتتى. شۇڭا ھازىر بۇ ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ بۇ خىل ئەھۋالنى تەل - تۆكۈس ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك. ئاشلىق سودىسىدا چوقۇم مەركەزلىشىپ

تىجارەت قىلىشىمىز ، تارقاقلىشىپ كەتمەسلىكىمىز كېرەك . تىجارەت قىلىش تاكتىكىسى جەھەتتە « سىرتى سوغاق ، ئىچى ئىسسىق بولۇش » ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا دىققەت قىلىش ، بازارلارنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىش لازىم . پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى ئەڭ زور بولغان 500 كارخانا ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىقتىسادىي كۈچى ئەڭ كۈچلۈك كارخانىلارنىڭ بىرى بولغان شىنجاڭ ئاشلىق ماي يېمەكلىك يەرلىك مەھسۇلاتلار ئىمپورت - ئېكسپورت باش شىركىتى كېلىشىمگە بىر تۇتاش ئىمزا قويۇش ۋە بىر تۇتاش مال تارقىتىشنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى ، باشقا شىركەت ياكى مۇناسىۋەتلىك ۋىلايەت ، ئوبلاست ، ناھىيە ۋە شەھەرلەر بەلگىلىگەن ئۆلچەم ۋە باھا بويىچە مال تارقىتىشى ، ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشى ، مالنى ۋاقتىدا يۆتكىشى كېرەك . مۇشۇنداق قىلغاندا ساختا ماللاردىن ساقلانغىلى ، ئاشلىقنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلغىلى ، باھانى بىرلىككە كەلتۈرگىلى ۋە ئاشلىق ئېكسپورتىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىگە كاپالەتلىك قىلىپ ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ھەسسە قوشقىلى بولىدۇ .

## ئۆزبېكىستان ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش يىلىنى ئوتتۇرىغا قويدى

ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىغان يىپەك يولى - دۇنيادا تەڭداشسىز سودا ۋە مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم قاتناش يولى بولۇپ ، دەۋرىمىزنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ، پۈتۈن ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقى ئارقىلىق شەرق بىلەن غەربنىڭ دۆلەت ۋە خەلقلىرىنى مەڭگۈ بىر - بىرى بىلەن باغلاپ كەلگەن . مىڭ يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە يىپەك يولى ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشتىكىدەك جەلپ قىلىش كۈچىنى قايتىدىن نامايان قىلىشقا باشلىدى . نۇرغۇن دۆلەتلەر ، تارىخىي ئەنئەنىگە ئاساسەن يىپەك يولىنىڭ قايتىدىن گۈللىنىپ ، جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىنى ئۈمىد قىلىپ كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ . ئۆزبېكىستان زۇڭتۇڭى ئىسلام كېرىموۋ ئېلان قىلغان « ئۆزبېكىستاننىڭ تەدبىر قوللىنىپ ئۇلۇغ يىپەك يولىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە جۇمھۇرىيەتتە خەلقئارالىق ساياھەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا قاتنىشىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقى » ھەمدە مىنىستىرلەر كابىنېتىنىڭ تاشكەنتتە تۇنجى قېتىملىق « يىپەك يولى ساياھىتى » خەلقئارالىق ساياھەت كۆرگەزمە يەرمەنكىسىنى ئۇيۇشتۇرۇش توغرىسىدىكى قارارى ، يىپەك يولى ساياھەت ئىشلىرىنىڭ ھەيران قالارلىق ھالدا قايتىدىن ئەسلىگە كېلىش ئارزۇسىنىڭ ئەمەلىيەتكە ئايلىنىش ئاساسى بولدى .

بۇندىن بۇرۇن ، ئۆزبېكىستان ھەر خىل شەكىلدىكى ساياھەت تەشكىلاتلىرى ۋە ساياھەت ھەۋەسكارلىرى تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا پەقەت كۆڭۈل بۆلمەيتتى . ئومۇميۈزلۈك ھالدا قارشى ئېلىنىدىغان ساياھەت لىنىيىسى - قەدىمكى شەھەر سەمەرقەنت ، بۇخارا ۋە خىۋا قاتارلىق شەھەرلەرگە بېرىپ ساياھەت قىلىشتىن ئىبارەت . بۇ شەھەرلەردە مىڭ يىللاردىن بۇيان ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئالاھىدە تارىخىي يادىكارلىقلار بولۇپ ، كىشىلەر مۇشۇ « مەرۋايىتتەك » ئەسىر مەدەنىيەتلىرىنى سېلىشتۇرۇپ ، قەدىمكى شەھەردىكى بىردىنبىر قەدىمكى زامان قۇرۇلۇش سەنئىتىدىن ھوزۇرلىنىدۇ . بۇلار زور تارىخىي ۋەقەلەر-

نىڭ گۇۋاھچىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

ئۆزبېكىستاننىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرى تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرماقتا . بۇ يەردە بىر زور تىپلىق دۆلەت ئىگىلىكىدىكى « ئۆزبېكىستان ساياھەت شىركىتى » دىن باشقا يەنە يۈزلىگەن خۇسۇسى ساياھەت شىركەتلىرى بار . ئۇلار جەمئىيەتنى كەڭ كۆلەملىك مۇلازىمەت تۈرلىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ . دۆلەتلىك ساياھەت شىركىتىدە ئالتە مىڭ نەپەر خىزمەتچى خادىملار بار ، مېھمانخانىلار 30 دىن ئاشىدۇ . يەنە بىر قېتىمدا ھەر بىرى 200 نەپەر ساياھەتچىلەرنى كۈتۈپ ئالالايدىغان ماشىنا مەيدانى ئەسلىھەلىرى بولغان مېھمانخانىلار بار . يېڭىدىن تەرەققىي تاپقان يەككە ماشىنا ترانسپورتىنىڭ نۇرغۇن راھەت ئاپتوبۇسلىرى ۋە يېنىك تېپتىكى ماشىنىلىرى بار .

ئۆتكەن يىلى ، « ئۆز بېكىستان ساياھەت شىركىتى » جۇمھۇرىيەتتىكى 45 مىڭ ساياھەتچىگە مۇلازىمەت يەتكۈزۈپ بەردى . بىراق تېخىمۇ كۆپرەك مۇلازىمەت يەتكۈزۈپ بېرىشكە بولىدىغان يوشۇرۇن كۈچ تېخى ئاشكارىلانمىدى . شۇنى بىلىش كېرەككى ، ئەگەر ساياھەتچىلەر بۇ يەردىكى مەشھۇر ئاسارە - ئەتىقىلەرنى بىلىپ قالسا ، ئۇ چاغدا ئۇلار دۇنيانىڭ ھەر بىر بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدىن بۇ يەرگە ساياھەت قىلىپ كېلىدۇ .

ھەقىقىي خەلقئارالىق ساياھەت ئىشلىرىغا قارىتا ئېيتقاندا ، ھازىر ئۆزبېكىستاندا كەمچىل بولۇۋاتقىنى ئاساسلىق يەنىلا مۇلازىمىلىق كەسپى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . ھازىر 40% مېھمانخانا خەلقئارالىق « يۇلتۇز دەرىجە » ئۆلچىمىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ . بۇلارنىڭ ئىچىدە پەقەت ئالتە مېھمانخانا ئۈچ يۇلتۇزلۇق مېھمانخانا تەلىپىگە لايىق تۇرىدۇ .

ھازىر ، چەت ئەللىك ھەمكارلاشقۇچى شېرىكلەرنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا ، تاشكەنت ، سەمەرقەنت ۋە بۇخارادا تۆت يۇلتۇزلۇق خەلقئارالىق سەۋىيىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ساياھەت ئۇتېۋرسال گەۋدە تورىنى قۇرۇۋاتىدۇ .

ئۆزبېكىستاندا ساياھەتچىلىكنى بىر خىل كەسىپكە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ ، شۇڭلاشقا ئىجتىمائىي كۈچلەر ۋە بايلىق يوشۇرۇن كۈچلىرىنى ناھايىتى ياخشى بىرلەشتۈرۈپ ، زور مىقداردا مەبلەغ سېلىش كېرەك . زۇڭتۇڭنىڭ بۇيرۇقى ساياھەت شىركىتىنىڭ كەسپىي ئىشلىرىغا كەڭ ئىستىقبال ئېچىپ بەردى . بولۇپمۇ ، ساياھەت شىركىتىنىڭ باج يىغىشتىكى ئېتىبار سىياسىتى ۋە تىزىملاپ ئەنگە ئېلىش ھەمدە تىجارەت ئىجازەتنامىسىنى ھەل قىلىش رەسمىيەتلىرىنى ئاددىيلاشتۇرۇش قاتارلىق تەدبىرلىرى ساياھەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرىدۇ . ساياھەت ئىشلىرىغا قوشۇمچە مەبلەغ سېلىش ئۈچۈن ، مەخسۇس « ئۆزبېكىستان ساياھەتكە مەبلەغ سېلىش بانكىسى » قۇرۇلدى . « ئۇلۇغ يىپەك يولىنىڭ گۈللىنىشى » ئۈچۈن ، مۇشۇ ئەسىردىكى ساياھەت تەشكىلاتلىرى ماقۇللىغان دۆلەت ھالقىغان لايىھەدە مەقسەتلىك ھالدا مەبلەغ توپلاشنى ، بانكا كارخانا ، يەككە تىجارەتچى ، چەت ئەل كارخانىلىرى ۋە شەخسلەردىن ئەركىن مەبلەغ توپلاشنى ئايدىڭلاشتۇردى . بۇ مەبلەغ ئالدى بىلەن ساياھەت ئىشلىرىنىڭ ماددىي تېخنىكا ئاساسىغا ئىشلىتىلىدۇ ، يەنە چوڭ بىر قىسىم مەبلەغ ئاسارە - ئەتىقە يادىكارلىقلىرىنى ، ئىمارەت تۈزۈلمىلىرىنى ۋە مەدەنىي يادىكارلىقلىرىنى رېمونت قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ، خەلق ھۈنەر - سەنئەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ .

زۇڭتۇڭ بۇيرۇقى ۋە مىنىستىرلار كابىنېتىنىڭ « چارە - تەدبىر قوللىنىپ ئۆزبېكىستاندا زامانىۋىلاشقان خەلقئارالىق ساياھەت ئاساسىي ئەسلىھەلىرىنى قۇرۇش توغرىسىدىكى قارارى » غا ئاساسەن ، تاشكەنت ، سەمەرقەنت ، بۇخارا ۋە

خىۋا قاتارلىق شەھەرلەردە خەلقئارالىق ساياھەت جەھەتتە ئېچىۋېتىلگەن ئىقتىسادىي رايون قۇرۇلدۇ. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت، ساياھەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان شىركەتلەرنىڭ ساياھەت ئېچىۋېتىلگەن رايونلارغا كۆڭۈل بۆلىشى ۋە قىزىقىشىنى قوزغاشتىن ئىبارەت. بۇ ساياھەت ئېچىۋېتىلگەن رايونلاردا مەيلى دۆلەت ئىچىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلار بولسۇن ياكى چەت ئەل مەبلەغ سالغۇچىلار بولسۇن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خۇسۇسىي ئىگىدارلىقتىكى كارخانىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش جەريانىدا مەبلەغ سېلىشتا ھېچقانداق توسالغۇغا ئۇچرىمايدۇ. چەت ئەل كارخانا ئىگىلىرىنىڭ ساياھەت ئاساسىي ئەسلىھەلىرى، يېڭى ساياھەت، دەم ئېلىش، كۆڭۈل ئېچىش تۈرلىرىنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئەسلىھەلىرىگە يۈرەكلىك بىلەن مەبلەغ سېلىشى ئۈچۈن، بەش يىل ئىچىدە پايدىنى چېگرىدىن چىقىرىش بېجى ئالماسلىققا دۆلەت كاپالەتلىك قىلىدۇ. دۆلەت ئىقتىسادىي جەھەتتە تۇراقلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە ساياھەت ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، پۈتۈن دۇنيانىڭ زور مىقداردىكى ساياھەتچىلىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدۇرالايدىغان، ئۆزبېك خەلقىنىڭ بىردىنبىر تارىخىي، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمەتلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈپ ئەھمىيەت بېرىشكە تېخىمۇ چوڭ كۈچ چىقىرىدۇ.

ئۆزبېكىستان ھازىر «مىراس» قۇرۇلۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا باشلىدى. بۇ قۇرۇلۇش پىلانى ئۇلۇغ يىپەك يولى بويلاپ تارقالغان قەدىمكى شەھەرلەرنىڭ مەدەنىي يادىكارلىقلىرى، ئاسارە ـ ئەتىقە خارابىلىرى ۋە ئىمارەت تۈزۈلمە يادىكارلىقلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، رېمونت قىلىپ مۇكەممەللەشتۈرىدۇ.

ئەڭ قەدىمكى شەھەر خىۋا بىلەن بۇخارا ئۆزبېكىستاننىڭ ئاسارە ـ ئەتىقىسى بولۇپ، ئۇلار ھازىر بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ پەن مەدەنىيەت تەشكىلىنىڭ دۇنيا مەدەنىي ئەتىۋارلىق نەرسىلەر تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدى. مۇشۇ نوپۇزلۇق خەلقئارا تەشكىلىنىڭ تەشەببۇس قىلىشى ۋە تۈرتكىسى ئارقىسىدا سەمەرقەنت، بۇخارا، خىۋا قاتارلىق باشقا شەھەرلەرنىڭ ئىمارەت تۈزۈلمىسى ئۈنىۋېرسال گەۋدىسىنى رېمونت قىلىشتىن ئىبارەت بىر قاتار خەلقئارالىق لايىھەلەر بېكىتىلدى. بىر نەچچە يىل ئىلگىرى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مائارىپ پەن مەدەنىيەت تەشكىلى يىپەك يولى بويىدىكى نۇرغۇن جايلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ ئالىملىرى ئىنتايىن خۇشاللىق بىلەن، ئۆزبېكىستاندا دۇنيادا تەڭدىشى يوق ئاسارە ـ ئەتىقە ۋە ئالاھىدە چىرايلىق تەبىئىي مەنزىرە ۋە يەنە يەرلىك ئەنئەنىگە ئىگە ئاجايىپ شەيئىلەر بار، بۇلارنىڭ ھەممىسى ساياھەتچىلەرگە كۆرگەزمە قىلىنسا بولىدۇ، دېيىشتى.

ئۆزبېكىستان بارلىق كۈچى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ساياھەت بايلىق يوشۇرۇن كۈچى ئارقىلىق ساياھەتچىلىكنى كەسىپ قىلغان ئادەملەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىشى كېرەك. دەل مۇشۇ مەقسەت ئۈچۈن ئۆزبېكىستان 1993 ـ يىلى مۇستەقىل دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن دۇنيا ساياھەت تەشكىلاتىنىڭ بىر ئەزاسى بولدى. 1994 ـ يىلى 10 ـ ئايدا دۇنيا ساياھەت تەشكىلاتى تۇنجى قېتىم ئۆزبېكىستاندا يىغىن ئاچتى. بۇ يىغىن ئىنتايىن چوڭ تەسىر قوزغىدى. سەمەرقەنت خىتابنامىسى، يىپەك يولى بويىلىغان ساياھەتكە قىزىقىدىغان دۆلەتلەرنى قەدىمكى زامان سودا ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ مۇھىم ترانسپورت يولى بولغان، مىڭ يىللىق سىناقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن يىپەك يولىدىكى ئاسارە ـ ئەتىقىلەرنى گۈللەندۈرۈش قۇرۇلۇشىغا قاتنىششقا

چاقىردى . 1993 ـ يىلى كۈزدە ، ئۆزبېكىستان ۋەكىللەر ئۆمىكى لوندوندا ئېچىلغان بىر يىلدا بىر قېتىملىق دۇنيا ئەنئەنىۋى ساياھەت كۆرگەزمە سودا يىغىنىغا قاتناشتى . سودا يىغىنىدا ، بۇ يىل كۈزدە تاشكەنتتە چوڭ تىپلىق خەلقئارالىق ساياھەت كۆرگەزمە سودا يىغىنى ئۆيۈشتۇرۇشنى بەلگىلىدى . تەكلىپ خېتى دۇنيا بويىچە نۇرغۇن شىركەتلەرگە ئەۋەتىپ بېرىلدى .

تاشكەنت ساياھەت فوندى جەمئىيىتى باشقىلارنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى بارغانسېرى قوزغىماقتا . ساياھەت كۆرگەزمە سودا يىغىنىغا قاتنىشىشنى قەتئىي تەلەپ قىلغانلار ئىسملىكىدە چوڭ تىپلىق چەت ئەل ساياھەت شىركەتلىرى 30 دىن ئاشىدۇ . بۇنىڭ ئىچىدە ياۋروپا ، ئاسىيا ۋە ئامېرىكىنىڭ يىراق دۆلەت شىركەتلىرى بار ، يەنە روسىيە ، ئۇكرائىنا ، ئەزەربەيجان ، قازاقىستان ، قىرغىزىستان ۋە تۈركمەنىستان قاتارلىق يېقىن قوشنا دۆلەتلەرنىڭ شىركەتلىرىمۇ بار . قاتنىشىدىغان شىركەتلەرنىڭ زور كۆپچىلىكى ئۆزبېكىستان كۆرگەزمە يىغىنى مەركىزىنىڭ پايما ئورنىنى ئالدىن ئىجارىگە ئېلىپ ، ئۆزلىرىنىڭ ساياھەت مەھسۇلاتلىرىنى كۆرگەزمە قىلىشقا ، خىزمەت سۆھبەت قىلىدىغان ئىشخانا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تەييارلىق قىلدى . باشقا شىركەتلەر كۆرگەزمە سودا يىغىنىنىڭ يۈكىسىنى ئالماي ، پەقەت ئىستىقباللىق ساياھەت لىنىيىسى ۋە باشقا ساياھەت مۇلازىمەت تۈرلىرىنى سېتىۋالغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ يىغىنغا قاتنىشىشنى ئۈمىد قىلىدۇ .

بىر قەدەر ۋەكىل خاراكتېرلىك ، بۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتنىشىشنى خالايدىغان چەت ئەل شىركەتلىرى ئىچىدە گېرمانىيىنىڭ «ئىن پورو» شىركىتى خېلى بۇرۇنلا ئۆزلىرى ئۈچۈن ئىنتايىن كۆپ يۈكەينى كۆرگەزمە بازىرى قىلىشقا ئىجارىگە ئالدى . دېمەك ، بۇشىركەت ئۆزبېكىستاننىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرىغا مەبلەغ قوشۇشتەك چىددىي ، ئەستايىدىل پىلاننى تۈزۈپ بولغان . بۇ شىركەت توختامغا بىنائەن ، «ئالتۇن ئاچقۇچ» قۇرۇلۇشىنى تاماملاش ئۇسۇلى ئارقىلىق تاشكەنتنىڭ « ياشلىق» مېھمانخانىسىنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇپ ، ئۇنى « يۇلتۇز دەرىجىلىك» خەلقئارالىق سەۋىيىگە يەتكۈزمەكچى .

ئۆزبېكىستان كۆرگەزمە مەركىزىدىن يۈكەي زاكاز قىلغانلاردىن يەنە دۇنيا ساياھەتچىلىك ئىشلىرىدا داڭقى چىققان ئاتاغلىق شىركەتلەر بار . مەسىلەن ، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنىڭ « ئالى . مازرۇم . تىلېۋى » شىركىتى ، روسىيىنىڭ « بايكور ـ دۆلەت سىرتى ساياھىتى » ۋە « ئۇلترا مار ـ ئالاھىدە پويىز » شىركىتى ، مالايشىيانىڭ ساياھەت مىنىستىرلىكى ، ئامېرىكا ، گرېتسىيە ، تۈركىيە ۋە ئىسرائىلىيىنىڭ ساياھەت شىركەتلىرى بار .

ئۆزبېكىستان دۆلەتلىك ساياھەت شىركىتى ۋە ئۇنىڭ ھەر قايسى ئوبلاستلىرىدىكى ساياھەت شۆبە شىركەتلىرى كۆرگەزمە سودا يىغىنىدا ئۆزلىرىنى سىرتتىن كەلگەن كەسپداشلارغا تونۇشتۇرماقچى . جۇمھۇرىيەتنىڭ نۇرغۇنلىغان خۇسۇسىي ساياھەت شىركەتلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ « تاۋار» لىرىنى ئېلىپ كۆرگەزمە سودا يىغىنىغا قاتناشماقچى .

خەلقئارالىق ساياھەت جەھەتتىكى ئېچىۋېتىلگەن ئىقتىسادىي رايون قۇرۇش ، ھەر تۈرلۈك لايىھەلەرنى بېكىتىش (بۇنىڭ ئىچىدە « ئۇلۇغ يىپەك يولى » لايىھىسىمۇ بار) ، ئۆزبېكىستاننى خەلقئارالىق ساياھەتنىڭ ئوردىسىغا ئايلاندۇرىدۇ . ھەممىگە مەلۇم ، ساياھەت ئىشلىرى بىر خىل يۇقىرى پايدا كېلىدىغان كەسىپ ، ئۇ ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمىدىكى مۇھىم تۈرگە ئايلىنىدۇ .

# ئالتاي رايونىنىڭ قوشنا دۆلەتلەر بىلەن بولغان سودىسى ھەققىدە ئىزدىنىش

## 1. ئالتاي رايونىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

شىنجاڭنىڭ ئالتاي رايونى ياۋروپا - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، گۈزەل قاناس كۆلى ۋە مول ئالتۇن كانلىرى بىلەن دۇنياغا داڭلىق.

ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ قارمىقىدا ئالتە ناھىيە، بىر شەھەر بار، كۆلىمى 117 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر، نوپۇسى 540 مىڭ، ئۇنىڭ ئىچىدە قازاقلارنى ئاساس قىلغان ئاز سانلىق مىللەتلەر 57.80% نى ئىگىلەيدۇ. غەرب، شىمال ۋە شەرق تەرىپى ئايرىم - ئايرىم ھالدا قازاقىستان، روسىيە، موڭغۇلىيە بىلەن چېگرىداش بولۇپ، دۆلىتىمىزدە ئەڭ كۆپ دۆلەت بىلەن چېگرىلىنىدىغان رايونلارنىڭ بىرى. ئالتە ناھىيە بىر شەھەرنىڭ قوشنا دۆلەتلەر بىلەن ئورتاق چېگرىسى بار بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1205 كىلومېتىر. ھازىر تۆت سودا ئېغىزى ئېچىۋېتىلدى، ئۇلار: جېمىنەي، ئاقتوبە، چوقان، تاكشىكېن. ئۇنىڭدىن باشقا قاناس ئېغىزىنى ئېچىش توغرىسىدىكى پىلاننى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى گوۋۇيۈەنگە رەسمىي يوللىدى. ئەگەر بۇ سودا ئېغىزى رەسمىي ئېچىۋېتىلسە دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي قىسمىدىكى روسىيىگە ئېچىۋېتىلگەن بىردىن بىر سودا ئېغىزى بولۇپ قالىدۇ. ھازىر ئالتاي رايونى دۆلىتىمىزدىكى سودا ئېغىزى ئەڭ كۆپ رايونلارنىڭ بىرى. ئالتاي ۋىلايىتى چېگرا سودىسىنى گۈللەندۈرۈشنى مۇھىم ستراتېگىيىلىك تەدبىر قىلىپ، رايون ئەۋزەللىكى ئارقىلىق بايلىقلارنى ئېچىپ، ئىسلاھات ئېچىۋېتىشنى ئومۇمىيۈزلۈك راۋاجلاندۇرۇپ، بايلىقلارنىڭ ئايلىنىشىنى تېزلەتىپ، كەسىپ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، «دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىش، ئالتۇنچىلىقنى ئىشقا سېلىش، كانچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش، سودا ئارقىلىق چېگرىنى گۈللەندۈرۈش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، تۆت سودا ئېغىزىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، ھەممە تەرەپتە ساغلام راۋاجلانغان يېڭى ۋەزىيەتنى بارلىققا كەلتۈردى. رايون بويىچە چېگرا سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇنلار 200 دىن ئاشتى، تاشقى سودا خىزمىتى ئۇچقاندەك راۋاجلاندى. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا 1994 - يىلى پۈتۈن رايون بويىچە چېگرا سودا ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 12 مىليون 820 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ ئالدىنقى يىلغا سېلىشتۇرغاندا 18.50% ئاشقان، مالىيە كىرىمى 10 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن. تۆت سودا ئېغىزى جەمئىي 417 كۈن ئېچىۋېتىلىپ چېگرىدىن كىرىپ چىققان ئادەملەر 65 مىڭ قېتىمدىن ئېشىپ كەتكەن، ئاپتوموبىللار 13 مىڭ قېتىمغا، ئىمپورت، ئېكسپورت قىلىنغان ماللار 40 مىڭ توننىغا يەتكەن. ئېكسپورت تاۋارلىرى ئاساسەن گۈرۈچ، ئۇن، شېكەر، چاي، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى، كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى، كىچىك تىپتىكى ماشىنا قاتارلىق 16 تۈرلۈك 35 خىل تاۋاردىن ئىبارەت. ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلار ئاساسەن توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى، قېزىش ماشىنىسى، پولات ماتېرىياللىرى، كېرەكسىز ئېلېكتر ماشىنىلىرى، ئاليۇمىن، ئۆي جاھازلىرى، خام تېرە قاتارلىق سەككىز تۈرلۈك 17 خىل تاۋاردىن ئىبارەت بولۇپ تاشقى سودا ئىشلىرىدا يېڭى سەۋىيە يارىتىلدى.

**2 . قوشنا دۆلەتلەرنىڭ هازىرقى سودا ئەھۋالى**

ئالتاي رايونى بىلەن قوشنا دۆلەتلەرنىڭ سودىسى 1992 ـ يىلىدىن باشلاپ بىر قەدەر جانلاندى . جېمىنەي ئېغىزى بىرىنچى دەرىجىلىك سودا ئېغىزى بولۇپ يىلبويى ئېچىۋېتىلىدۇ . ئاساسلىقى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەرگە ئېچىۋېتىلىدۇ . ئاقتۆبە ئېغىزى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ۋاقىتلىق ئېچىۋېتىلگەن يۈك ئۆتكۈزۈش ئېغىزى ، چوقان ۋە تاكېشكېن بولسا موڭغۇلىيىگە ئېچىۋېتىلگەن پەسىللىك سودا ئېغىزىدۇر . بۇ تۆت سودا ئېغىزى بىلەن قوشنا دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى سودىنىڭ تەرەققىياتىدىن قارىغاندا هازىرقى سودا ئەھۋالى ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ :

1 . روسىيە ، قازاقىستان قاتارلىق دۆلەتلەر « ياۋروپاغا قايتىش » ئىگىلىك پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ هۆكۈمەتلەر ئارا مال ئالماشتۇرۇش سودا كېلىشىمىنى بىكار قىلدى . 1994 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئاساسەن كۆپ ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋارلار ، مەسىلەن ، خىمىيۋى ئوغۇت ، رەڭلىك مېتال قاتارلىقلارنىڭ مال ئالماشتۇرۇش سودىسىنى بىكار قىلىپ نەق پۇل ئارقىلىق هېسابات قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى .

2 . مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەر مەملىكىتىمىزنىڭ ئادەتتىكى خىزمەت پاسپورتىغا نىسبەتەن ۋىزا تۈزۈمىنى يولغا قويدى . 1995 ـ يىلى ئۇرۇمچىدە ۋىزا بېجىرىش ۋەكالەت ئورنى تەسىس قىلىنىپ ۋىزا هەل قىلىش قىيىن بولۇش مەسىلىسى هەل قىلىندى .

3 . 1994 ـ يىلىدىن باشلاپ مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى دۆلىتىمىزدىن سىرتقا چىقىرىلىدىغان ئەمگەك مۇلازىمىتىگە نىسبەتەن ئىجازەتنامە تۈزۈمىنى يولغا قويدى ، ئۇنى فېدېراتسىيە كۆچمەنلەرنى باشقۇرۇش ئىدارىسى بىرتۇتاش تارقىتىدۇ ، بۇنىڭ بىلەن رايونىمىزدىن سىرتقا چىقىدىغان ئەمگەك مۇلازىمەت خادىملىرىنى ئېغىر دەرىجىدە چەكلىدى . 1994 ـ يىلى جېمىنەي ئېغىزىدىن سىرتقا چىقىدىغان خادىملارنىڭ سانى ئالدىنقى يىلدىكىدىن ئۈچتىن ئىككى قىسمى ئازايدى .

4 . سودا سىياسىتىنى ئىسلاھ قىلىش قەدىمى تېز بولدى . (1) ئەسلىدە ئېكسپورت سودا هوقۇقى بولغان كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىپ ۋە قىسقارتىپ ، كۆپ قىسىم كارخانىلارنىڭ سودا هوقۇقىنى تارتىۋېلىپ ئىجازەتنامە تۈزۈمىنى يولغا قويدى . (2) ئېكسپورت سودا باھاسىنى باشقۇرۇش تەدبىرىنى كۈچەيتتى . (3) چەت ئەل مەبلىغىنى جەلپ قىلىشنىڭ يېڭى قانۇنىنى ئېلان قىلدى . مەسىلەن ، « ئۆتنۈپ بېرىش توختام قانۇنى » ، « پايدا تاپاۋەت بېجى قانۇنى » ، « تاموژنا بېجى قانۇنى » ، « چەت ئەللەرنىڭ مەبلەغ سېلىش ئاساسىي قانۇنى » قاتارلىقلار .

5 . ئىمپورت ـ ئېكسپورت تاموژنا بېجى سىياسىتىنىڭ ئۆزگىرىشى كۆپ بولدى . بولۇپمۇ ئىمپورت تاموژنا بېجى 10%ئاشتى .

6 . روسىيە ، موڭغۇلىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋارلار شۇ دۆلەتلەرنىڭ ئۆلچىمى بويىچە تەكشۈرۈلىدۇ ، دۆلىتىمىزنىڭ تاۋار تەكشۈرۈش تارماقلىرىنىڭ تەكشۈرۈش ئىسپاتى ، تەكشۈرۈش دوكلاتى ۋە چاپلانغان بىخەتەرلىك بەلگىلىرى ئالماشۇرۇلۇپ تارقىتىلىدۇ .

7 . موڭغۇلىيە دۆلىتى ئۆچكە تىۋىتى ، رەڭلىك مېتال ، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ، ياغاچ ماتېرىياللىرى قاتارلىقلارنىڭ ئېكسپورتىنى چەكلەپ ئۇنىڭ ئىمپورتىنى مەنئىي قىلدى .

8 . موڭغۇلىيە ئېكسپورت قىلىدىغان ئاساسلىق تاۋارلار دەسلەپكى دەرىجىدىكى چارۋ-

چىلىق مەھسۇلاتلىرى ئات ، كالا ، قوي تېرىلىرى ، قوي ، تۆگە يۇڭلىرى قاتارلىقلار .

9 . موڭغۇلىيە تاموژنا بېجىنى كېمەيتتى ياكى كۆتۈرىۋەتتى . ئۇلار ئېكسپورت قىلىنىدىغان كىيىم - كېچەكلەرگە كېرەكلىك خام ئەشيا ،قوشۇمچە ماتېرىياللار ، قاچىلاش ساندۇقى ۋە خالتىسى قاتارلىقلارنىڭ ئىمپورت بېجىنى بىكار قىلدى . تاموژنا بېجى كېمەيتىلگەن باشقا بۇيۇملار : دورا ، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى .

10 . موڭغۇلىيە چەت ئەللەرنىڭ مەبلەغ سېلىش يېڭى قانۇنىنى يولغا قويدى . ئۇنىڭدا مۇنداق بەلگىلەندى : نېفىت سانائىتى ، يول قۇرۇلۇشى ۋە ئالاقە قۇرۇلۇشىغا مەبلەغ سالغان شىركەتلەر ئالدىنقى 10 يىلدا تاپاۋەت بېجى تاپشۇرمايدۇ ، ھەم كېيىنكى بەش يىلدا تاپاۋەت بېجىنىڭ 50% ى قىسقارتىلىدۇ . مېتاللورگىيە سانائىتىگە مەبلەغ سالغانلارمۇ بۇ سىياسەتتىن بەھرىمەن بولىدۇ ، لېكىن باج كەچۈرۈم قىلىنىش ۋاقتى سەككىز يىلغا قىسقىرايدۇ . ئېكسپورت مەھسۇلاتى 50% كە يەتكەن كارخانىلار ئالدىنقى ئۈچ يىلدا تاپاۋەت بېجى تاپشۇرمايدۇ .

**3 . بىزنىڭ قوشنا دۆلەتلەردىكى بازىرى ئىتتىك مەھسۇلاتلىرىمىز**

1 . مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى بازىرى ئىتتىك مەھسۇلاتلار : كۆكتات ، مېۋە - چېۋە ۋە قوشۇمچە يېمەكلىكلەر ، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى خۇرۇم كىيىم - كېچەكلەر ، ئۆسمۈر باللار كىيىمى ، بولۇپمۇ قىزلار كىيىمى ، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ، گىرىم بۇيۇملىرى ، دورا ، شېكەر ، فەمىل چاي ، يۇڭ ئەدىيال ، سېغىز ، فار - فور قاچا - قۇچىلار ، باللار ۋېلىسپىتى ، داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى ، تۈرلۈك قورallar ، دانلىق زىرائەت قاتارلىقلار .

2 . موڭغۇلىيە دۆلىتىدىكى بازىرى ئىتتىك مەھسۇلاتلار : چوكا ، سىگارىت ، تاماكا ، پىۋا ، تۆۋەن گرادۇسلۇق ئاق ھاراق ، چاقماق ، تېرموس ، سوپۇن ، شام ، كۆينەك ، ئىشتان ، باللار كىيىمى ، چېبەرقۇت ، قوش ئىقتىدارلىق كىيىم تىكىش ماشىنىسى ، خۇرۇم كىيىملەر ، ئاشتۇزى قاتارلىقلار . 1995 - يىلى جىددىي ئىمپورت قىلىنىغان تاۋارلار : شېكەر 20 مىڭ توننا ، گۈرۈچ 21 مىڭ توننا ، كۆك چاي 2 مىڭ توننا ، سېرىق ماي 4500 توننا ، خۇرجۇن رەختى 2 مىليون مېتىر ، گەزلىمە بىلەن برېزېنت ھەر بىرىدىن 1 مىليون مېتىر ، ماتا 2 مىليون مېتىر .

**4 . رايونىمىزنىڭ قوشنا دۆلەتلەر بىلەن ھەمكارلىشىدىغان تۈرلىرى**

1 . مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى بىلەن ھەمكارلىشىدىغان تۈرلەر:

A . خۇرۇم موبلۇق تېرە ، ئاياق تىكىش كەسپى ؛

B. خام ئەشيالارنى پىششىقلاپ ئىشلەش ؛

C . ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقىدىكى كەسپلەر ؛

D. بىلىم - تېخنىكا كەسپلىرى ؛

E. تېرىقچىلىق ، باقمىچىلىق كەسپى .

2 . موڭغۇلىيە دۆلىتى بىلەن ھەمكارلىشىدىغان تۈرلەر :

A. سۇ ۋە ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسى ؛

B . يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 10 مىڭ توننا بولغان كەمپۈت پىششىقلاپ ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى ؛

C. تىۋىت ، خۇرۇم پىششىقلاپ ئىشلەش ؛

D. تېرىقچىلىق ، باقمىچىلىق كەسپى .

**5 . رايونىمىز بىلەن قوشنا دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى سودىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر**

1 . ئالتاينىڭ مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىن ئىمپورت قىلغان يۇڭ ،پاختا قاتارلىقلاردا ساختىلىق ئېغىر بولۇپ ، ساپ يۇڭنىڭ نىسبىتى 30% كە يەتمەيدۇ . بەلگىلىمە بويىچە ساپ يۇڭ-

ىنىڭ نىسبىتى 70% بولۇشى كېرەك . بىراق تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە ئۇلارنىڭ بىرىمۇ ئۆلچەمگە يەتمىگەن .

2 . ئىمپورت قىلىنغان ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي تېرىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى كونا تېرىلەر بولۇپ دەرىجىسى ، ئۆلچىمى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى توختامدا بەلگىلەنگەن ئۆلچەمگە يەتمىگەن .

3 . ئىمپورت قىلىنغان بىر قىسىم پولات ماتېرىياللىرىنىڭ تۈرى ، ئۆلچىمى ، تىپى ماس كەلمىگەن . سانىمۇ ئاز .

4 . مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى كۆپلىگەن تاۋارلارنىڭ مال ئالماشتۇرۇش سودىسىنى بىكار قىلىپ نەق پۇل ئارقىلىق ھېسابات قىلىشنى ئىشقا ئاشۇردى .

5 . موڭغۇلىيە ئۆچكە تىۋىتى ئېكسپورت قىلىشنى چەكلىدى ، سېتىۋېلىش كۈچىنىڭ تۆۋەنلىشى تۆلەش ئىقتىدارىنىڭ تۆۋەنلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى .

6 . موڭغۇلىيىنىڭ مال مەنبەسى كەمچىل بولۇپ بەزىدە مال ئاز ، خېرىدار كۆپ بولىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ .

7 . موڭغۇلىيەدە بېنزىن كەمچىل بولۇپ ، قاتناش قىيىن ، ئالماشتۇرۇپ قاچىلاش ئىقتىدارى كەمچىل .

8 . تاۋارلارنىڭ سۈپىتىدە بىر قىسىم مەسىلىلەر بار ، بىر قىسىم سودىگەرلەر كۆپ پايدىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ساختا تاۋارلار بىلەن سودا قىلىپ سودىغا ، ئىناۋىتىگە تەسىر كۆرسەتمەكتە .

9 . ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ئالتە ناھىيە بىر شەھىرىدىكى كارخانا ، شىركەت ۋە زاۋۇتلىرى قوشنا دۆلەتلەر بىلەن نېسىگە مال سېتىش سودىسى ئېلىپ بارىدۇ ، جۇڭگو تەرەپنىڭ ئۇلارغا بەلگىلەپ بەرگەن ئەڭ تۆۋەن سوممىسى 100 مىڭ يۈەن ، كۆپ بولغاندا نەچچە يۈز مىڭ ، ھەتتا مىليون يۈەندىن ئاشىدۇ . 2 ـ 3 يىلغىچە نەقلەشتۈرۈلمىسە قايتۇرۇپ ئالغىلى بولمايدىغان ھېسابات قاتارىغا كىرگۈزۈلىدۇ .

10 . تۆۋەن باھادا رىقابەتلىشىپ سېتىش باشقىلارغا پايدا ئېلىپ كەلدى .

11 . ناچار ، ساختا تاۋارلارنىڭ چېگرىدىن چىقىرىلىشى جۇڭگو تاۋارلىرىنىڭ ئابرويىغا تەسىر يەتكۈزۈپ زىيانلارنى ئېلىپ كەلدى .

## 6 . ئالتاينىڭ تاشقى سودىسى ھەققىدە ئىزدىنىش

شىنجاڭنىڭ ئالتاي رايونى گەرچە ئازاد بولغان 40 يىلدىن بۇيان تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ بىراق قاتناش ، ئۇچۇر ، مەدەنىيەت ، ئىقتىسادنىڭ چەكلىمىسى بار ، ئەتراپى تاغ بىلەن ئورالغان ، ئوتتۇرىدا بىر دەريا بار ، بىرمۇ ئېغىر سانائىتى يوق ، قىش پەسلى يېرىم يىلدىن كۆپرەك بولۇپ باشقا رايونلارغا سېلىشتۇرغاندا كۆپ ئارقىدا . ئۇنداقتا قانداق قىلغاندا تەرەققىي قىلغىلى بولىدۇ ؟ ئىسلاھ قىلىش كېرەك . رايون ئەۋزەللىكى ، بايلىق ئەۋزەللىكى ، ئادەم ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ، شەرق بىلەن بىرلىشىپ غەربكە چىقىرىش ، خەلقئاراغا يۈزلىنىش ، قېلىپلىشىش تەرەپكە قاراپ تەرەققىي قىلىش كېرەك .

1 . پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش ، مەركەزنىڭ غەربكە يۈزلىنىش توغرىسىدىكى تاشقى سودا سىياسىتى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۈرلۈك ئېتىبار بېرىش سىياسىتىدىن تولۇق ، جانلىق پايدىلىنىپ تاشقى سودا ئىشلىرىنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇش ؛

2 . قوشنا دۆلەتلەر سىياسىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ، ئىقتىسادىي ئىسلاھاتى ، تاشقى ئىقتىسادىي سودا ، مالىيە باج سىياسىتىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىش ، تۆت سودا ئېغىزىنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ ، رايونىمىزنىڭ چېگرا سودا سىـ

ياستىنى تەگشەش ، يەرلىك چېگرا سودىنى جانلاندۇرۇش ؛

3 . مەركەز ، ئاپتونوم رايوندىن ئېتىبار بېرىش سىياستى تەلەپ قىلىش ، سىياسەت ئىشەنچلىك بولۇش ، خۇددىي ئالاھىدە رايونلارغا ئوخشاش بىراقلا ئون يىلغىچە كۈچكە ئىگە بولۇش . مەسىلەن :

A. باج يىغىشتا ئېتىبار بېرىش . دۆلەت ئىقتىساد سودا مىنىستىرلىكى ، مالىيە مىنىستىرلىكى ، باج ئىدارىسىغا مۇنداق تەكلىپ بېرىمىز : دۆلەت ئىچىدىكى ئاشقان قىممەت بېجىگە نىسبەتەن ئالاھىدە تاموژنا بېجى يولىغا قويغاندىن باشقا نورمىدىن ئاشقان قىسمىدىن ئېلىنغان باجنىڭ ھەممىسىنى جايلارغا ياكى كارخانىلارغا قايتۇرۇپ بېرىپ شۇ ئارقىلىق چېگرا رايون ئىقتىسادىنىڭ يەنىمۇ راۋاجلىنىشىنى يۆلەش ؛

B. چېگرا رايوندىكى نامرات جايلارغا قارىتىلغان تاموژنا بېجىدە ئېتىبار بېرىش سىياستىنى يەنە بەش يىل ئۇزارتىپ ئۇلارغا يەنە بىر قېتىم ئەۋزەل شارائىت ھازىرلاپ بېرىش ؛

C . چېگرا رايوندىكى نامرات جايلارنىڭ سودا ھوقۇقىنى كەڭ قويىۋېتىش ، بىر تۇتاش باشقۇرۇش بەك ئېغىر بولۇپ كەتمەسلىك . پەقەت تاشقى سودا شىركەتلىرى ، چوڭ گۇرۇھ ، ئۆزى ئېكسپورت قىلىدىغان كارخانىلار بەلگىلىك ئاساس ۋە شارائىت ھازىرلىسىلا ئۇلارغا سودا ھوقۇقى بېرىلىپ ، دۆلەت ، ۋىلايەت ئۈچۈن تاشقى پېرېۋوت يارىتىش ؛

4 . قازاقىستاننىڭ بىرىنچى مۇئاۋىن زوڭلىسى شىنجاڭغا كەلگەندە شىنجاڭدىكى چوڭ شىركەتلەر ، مالىيە گۇرۇھلىرىنىڭ قازاقىستانغا بېرىپ مەبلەغ سېلىشى ، ھەمكارلىشىشى ۋە تېخنىكىلارنى ئېچىشنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى . رايونىمىز چوڭ ياخشى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ، كەسپىي تاشقى سودا شىركەتلىرى ، گۇرۇھ شىركەتلەر ، سودا تەشكىلاتلىرىنى قازاقىستانغا بېرىپ مەبلەغ سېلىپ زاۋۇت قۇرۇش ، مۇستەقىل تىجارەت قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇشى كېرەك .

5 . ئالتاينىڭ قوشنا دۆلەتلەر بىلەن ئارىلىقىنىڭ يېقىن بولۇشىدەك رايون ئەۋزەللىكى ۋە بايلىق ئەۋزەللىكىدىن تولۇق پايدىلىنىش كېرەك . ئالتاي رايونىدا قازاق مىللىتى ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 57.80% تىنى ئىگىلەيدىغان بولۇپ يېزىق ، تىل ۋە ئۆرپ ـ ئادەت قاتارلىق جەھەتلەردە قوشنا دۆلەتلەر بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ئوۋ ئوۋلاش ، ساياھەت قىلىش ، ئوغلاق تارتىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇش ، ئالتۇن ، ياقۇتلارنى قېزىش ، پولات تاۋلاش ، ئېغىر سانائەت تېخنىكىلىرىنى كىرگۈزۈش قاتارلىقلار ئارقىلىق ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش ؛

6 . رايون سودىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ ئۆزىدىكى تۆت سودا ئېغىزىدىن باشقا خەلقئارا ۋە دېڭىز ياقىسى رايونلىرى بازىرىغا كېڭەيتىش ، قوشنا دۆلەتلەر بىلەن بولغان سودىنى ياخشى قىلىشتىن سىرت ، ئۈچىنچى دۆلەت سودىسى ۋە پورتقا يۆتكەپ بېرىش سودىسىنىمۇ قىلىش كېرەك . شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەرلىك چېگرا سودىنى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ، تۈر ئارقىلىق سودىنى ئېلىپ مېڭىش ، سودا ئارقىلىق تۈرلەرنى ئىلگىرى سۈرۈش ، مال ئالماشتۇرۇشتىن نەق پېرېۋوت ، نەق پۇلغا تەرەققىي قىلىش ، چېگرا سودىسىنى بۆسۈش خاراكتېرلىك تەرەققىي قىلدۇرۇش ؛

7 . چېگرا سودا تىجارەت تەرتىپىنى تەرتىپكە سېلىپ تاشقى سودا مۇھىتىنى ياخشىلاش . (1) بارلىق يەككە ، خۇسۇسىي شىركەتلەرنى بىكار قىلىش . (2) ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ سۈپەت باشقۇرۇشىنى كۈچەيتىپ ، ناچار ، ساختا تاۋارلارغا زەربە بېرىش ، ئۆلچەمگە توشمىغان

تاۋارلارنىڭ ئېكسپورت قىلىنىشىنى مەنئىي قىلىپ رايونىمىزدىكى تاۋارلارنىڭ چەت ئەلدىكى ئابرويىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش .(3) مال ئالماشتۇرۇش سودىسىدا « ئۈچتە هۆددە قىلىش » نى يولغا قويۇش ، يەنى قايتۇرۇپ بېرىش ، ئالماشتۇرۇپ بېرىش ۋە سېتىشتىن كېيىنكى مۇلازىمەتكە هۆددە قىلىش .(4) ئەرزان باهادا رىقابەتلىك سېتىشنى مەنئىي قىلىش كېرەك ، ئەگەر بايقالسا « تاموژنا ئىدارىسىنىڭ ئېكسپورت تاۋارلىرىغا نىسبەتەن ۋاقىتلىق چارىسى » نىڭ سەككىزىنچى ماددىسى بويىچە جازالىنىپ ، ئېغىرلىرى ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ جازالىشىغا تاپشۇرۇلىشى لازىم .

8 . تاشقى پېرېۋوتنى كۆپرەك بېرىش . روسىيە ، قازاقىستان قاتارلىق دۆلەتلەر توپ ئۆتكۈزۈدىغان تاۋارلاردا مال ئالماشتۇرۇش سودىسىنى مەنئىي قىلىپ ، تاشقى پېرېۋوت ئارقىلىق هېسابات ئېلىپ بارىدۇ . رايونىمىزدا تاشقى پېرېۋوت كەمچىل ، كارخانىلار ئامالسىز قاراڭغۇ بازارغا بېرىپ يۇقىرى باهادا سېتىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن چېگرا رايوندىكى نامرات جايلارغا كۆپرەك تاشقى پېرېۋوت بېرىپ قاراڭغۇ بازار سودىسىنى چەكلەپ تاشقى سودا ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمىز ؛

9 . ئىقتىسادىي سودا خادىملىرىنى تەربىيىلەش مۇهىم ۋەزىپىدۇر . (1) ئالدى بىلەن ئىلغار باشقۇرغۇچى خادىملارنى ئىقتىساد سودا ئالىي مەكتەپلىرىگە ئەۋەتىش ياكى ئىقتىساد سودا مەكتەپلىرىدە قىسقا مۇددەت تەربىيىلەش ؛ (2) ئالدى بىلەن بىر تۈركۈم باشقۇرغۇچى خادىملارنى ئالاهىدە رايونلار ، دېڭىز ياقىسىدىكى رايونلارغا ئۆگىنىشكە ئەۋەتىش ، ئىقتىساد ، سودا ، پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىنى تەربىيىلەپلا قالماستىن قانۇن خادىملىرىنىمۇ تەربىيىلەش كېرەك . بۇمۇ رايونىمىزنىڭ تاشقى سودا ئىشلىرىدىكى چوڭ بىر ئاجىز هالقا .

10 . سىياسەت تارماقلىرى مەمۇرىي ۋاستىلەر بىلەن پائال يېتەكلەپ ، قانۇنىي ۋاسىتىلەر بىلەن ئىلمىي باشقۇرۇشنى كونترول قىلىپ ، قوغداپ ۋە كۈچەيتىپ ، شۇنداقلا تۈرلۈك تاشقى سودا باشقۇرۇش تۈزۈملىرى بىلەن ئورگانىك هالدا بىرلەشتۈرۈپ ، كارخانا ، شىركەت ، زاۋۇتلارنى چېگرا ئىچى ۋە سىرتىدىكى سودا سارايلىرى بىلەن توغرا رىقابەتكە قاتناشتۇرۇپ ، تەدرىجىي هالدا ئۆلچەملىشىش ، گۇرۇھلىنىش ، خەلقئارا يۈزلىنىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىپ ، ئالتاينىڭ تاشقى سودا ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈپ ئۇنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش كېرەك .

## شىنجاڭ ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن چېگرا ئېغىزلىرى

ئالتاي ۋىلايىتى جۇڭگو ـ موڭغۇلىيە ، جۇڭگو ـ قازاقىستان ۋە جۇڭگو ـ روسىيە چېگرىلىرىغا جايلاشقان بولۇپ ، هازىرغىچە ئۈچ چېگرا ئېغىزى ئېچىۋېتىلدى . بۇنىڭ ئىچىدە قازاقىستانغا ئېچىۋېتىلگىنى جېمنەي ئېغىزى ، موڭغۇلىيىگە ئېچىۋېتىلگىنى تاكشىكېن ۋە چوقان ئېغىزلىرىدىن ئىبارەت . بۇ ئۈچ ئېغىزنىڭ هەممىسى قۇرۇقلۇق ترانسپورت ئېغىزلىرى بولۇپ هېسابلىنىدۇ .

جېمنەي چېگرا ئېغىزى : ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ جېمنەي ناهىيىسىگە جايلاشقان . چېگرا ئېغىزىدىن ناهىيىگىچە 23 كىلومېتىر كېلىدۇ . 1994 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ، گوۋۇيۈەننىڭ 20 ـ نومۇرلۇق تەستىقىگە

ئاساسەن جىمنەي چېگرا ئېغىزى قىلىپ ئېچىۋېتىلدى. بۇ چېگرا ئېغىزى 1991 - يىلى 10 - ئايدا چېگرىدىن مال ئۆتكۈزۈشنى ۋاقىتلىق ئەمەلگە ئاشۇرغاندىن بۇيان پايدا يىلدىن - يىلغا ئېشىپ كەلدى. تۆت يىلدىن بېرى، قازاقىستاندىن ئىمپورت قىلىنغان ئاساسلىق تاۋارلار: چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى، يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرى، پولات، تۆمۈر، مىس، سىنىك، ئالیومىن، ياغاچ ماتېرىياللىرى قاتارلىقلار؛ ئېكسپورت قىلىنغان تاۋارلار: شېكەر، ھاراق، كەمپۈت، تۈرلۈك ماللار، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى، تېرە مەھسۇلاتلىرى، بېنزىن ۋە قىزىل خىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. 1994 - يىلى چېگرىدىن ئۆتكەن خادىملار 4 مىڭ 699 ئادەم قېتىم، ماشىنىلار 2 مىڭ 952 دانە بولۇپ ئىمپورت قىلىنغان ماللار 20 مىڭ 856.8 تونىنا، ئورۇندىغان سوممىسى 80 مىليون 457 مىڭ 200 يۈەن بولدى. كەلگۈسى پىلان چېگرىدىن ئۆتكۈزىدىغان مال 500 مىڭ تونىنا، يولۇچىلار 100 مىڭ ئادەم قېتىم بولماقچى.

تاكشكېن چېگرا ئېغىزى: ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ چىڭگىل ناھىيىسىگە جايلاشقان بولۇپ، ناھىيىدىن 103 كىلومېتر كېلىدۇ. بۇ، پەسىللىك دۆلەت بويىچە 1 - تۈردىكى چېگرا ئېغىزى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 1995 - يىلى 2 - ئايدا جۇڭگو - موڭغۇلىيە ئىككى دۆلەت كېڭىشىپ ھەر يىلى 4 - ئايدىن 12 - ئايغىچە، ھەر ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە چېگرا ئېغىزنى ئېچىش ۋاقتى دەپ بەلگىلىگەن. 1989 - يىلى 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن باشلاپ مال ئۆتكۈزگەندىن بۇيان، چېگرا ئېغىزنىڭ پايدىسى يىلدىن - يىلغا راۋاجلاندى. ھەر قېتىم ئېچىۋېتىلگەن ۋاقىتتا، رايونىمىزنىڭ ئىچى سىرتىدىن كەلگەن ئادەمنىڭ سانى نەچچە 10 مىڭغا يېتىدۇ، ماگىزىن، ئاشخانا ھەممە ھەر تۈرلۈك يايمىلار ھەممىلا يەردە ئۇچرايدۇ، ئەڭ كۆپ بولغاندا 500 گە يېتىدۇ. 1994 - يىلى چېگرا ئېغىزى بازىرىنىڭ پارچە ساتقان ئومۇمىي سوممىسى 40 مىليون يۈەندىن ئاشقان. 1991 - يىلى چېگرا ئېغىزىنى بىرلىشىپ تەكشۈرۈش قاتارلىق ھەر تەرەپلىمىلىك مۇلازىمەت تەدبىرلىرىنى قۇرۇشقا باشلىغاندىن بۇيان، ئاشخانا، ماشىنا بېكىتى، پوچتا - تېلېگراف ئورنى قاتارلىق يۇرۇشلەشكەن ئەسلىھەلەرنى قۇردى ھەمدە تېلېفون ئورنىتىپ چېگرا ئېغىزىنىڭ قاتناش ۋە خەت - ئالاقە شارائىتىنى زور دەرىجىدە ياخشىلىدى.

چوقان چېگرا ئېغىزى: ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىگە جايلاشقان بولۇپ، ناھىيىدىن 296 كىلومېتر يىراقلىقتا، ئالتاي شەھىرىدىن 169 كىلومېتر كېلىدۇ. 1991 - يىلى 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ۋاقىتلىق مال ئۆتكۈزۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرغاندىن باشلاپ 1992 - يىلى 2 - ئاينىڭ 25 - كۈنىگىچە گوۋۇيۈەن 17 - نومۇرلۇق تەستىقدە بۇ چېگرا ئېغىزىنى بىرىنچى تۈردىكى چېگرا ئېغىزى قىلىپ بەلگىلەپ سىرتقا قارىتا ئېچىۋەتتى. چوقان چېگرا ئېغىزى پەسىل خاراكتېرلىك بولۇپ 1995 - يىلى 2 - ئايدا، جۇڭگو - موڭغۇلىيە ئىككى دۆلەت كېڭىشىپ چوقان - داياك چېگرا ئېغىزلىرىنى ھەر يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە، 7 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە، 8 -، 9 - ئايلارنىڭ ھەر ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە ئېچىش ۋاقتى قىلىپ بەلگىلىدى. 1994 - يىلى چېگرىدىن ئۆتكەن خادىملار 15 مىڭ 53 ئادەم قېتىم، ماشىنىلار 3 مىڭ 227 دانە بولۇپ، ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان ماللار 4 مىڭ 103 تونىنا، تاماملىنغان سوممىسى 13 مىليون 60 مىڭ يۈەن بولغان. ھەر قېتىم چېگرا ئېغىزى ئېچىلغان ۋاقىتتا، بۇ يەردە ئاپتونوم رايوننىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن

ئادەملەر تولۇپ كېتىدۇ ، ماگىزىن ، ئاشخانا ۋە ھەر تۈرلۈك يايمىلار 400 دىن ئارتۇق بولۇپ ، ھەر قېتىملىق چېگرا ئېچىلغان ۋاقىتتا بازارنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 1 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ. چېگرا ئېغىزىدا تاغلىق رايون ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ياغاچ بىنالار قۇرۇلدى .

# قازاقىستان يېزا ئىگىلىك ئىسلاھاتىنىڭ قەدىمى ئاستا بولماقتا

قازاقىستاننىڭ « ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئاشلىق ئامبىرى » دېگەن چىرايلىق نامى بار ئىدى . سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن ، قازاقىستان يېزا ئىگىلىكىنىڭ بازار ئىگىلىكىگە ئالمىشىش سۈرئىتى تېزلەشتى . نۆۋەتتە ، زور كۆپچىلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ۋە كولخوزلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا غەيرىي دۆلەت ئىگىلىكى ۋە خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدىكى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش - سېتىش گەۋدىسىگە ئۆزگەرتىلدى . لېكىن ، ئاشلىق ۋە گۆش قاتارلىق يېمەكلىكلەرنىڭ مىقدارى ، مۇلۇكچىلىك شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئېشىپ بارماستىن ، بەلكى يىلسېرى تۆۋەنلەپ كەتتى . بۇ يىل ئەڭ تۆۋەن سەۋىيىگە چۈشۈپ قالدى .

قازاقىستاننىڭ يەر مەيدانى 2 مىليون 717 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ ، تېرىلغۇ يەر 35 مىليون گېكتاردىن ئارتۇقراق ، بۇغداي قاتارلىق ئاشلىق زىرائەتلىرى تېرىلىدىغان يەر 20 مىليوندىن 25 مىليون گېكتار .

1991 - يىلى 12 - ئايدا قازاقىستان مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن ، بازار ئىگىلىكىنى نىشان قىلغان ئىقتىسادىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا باشلاپ ، يېزا ئىگىلىكى مۇقەررەر يوسۇندا خۇسۇسىيلىشىش ۋە غەيرىي دۆلەت ئىگىلىكلىشىش يولىغا ماڭدى . 1712 دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانى « دۆلەت ئىگىلىكى » دېگەن ۋىۋىسكىنى ئېلىپ تاشلاپ ، كوللېكتىپ ياكى خۇسۇسىي ئىگىلىككە ئايلاندى ، بۇلار دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ تەخمىنەن 80% نى ئىگىلەيدۇ .

يېزا ئىگىلىكىنىڭ خۇسۇسىيلىشىش جەريانىدا ، 20 دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانى ، ئاشكارا بولمىغان باھا تالاشتۇرۇپ سېتىش ئۇسۇلى بويىچە 24 نەپەر يېزا ئىگىلىك ساھەسىدىكى رەھبىرى كادىر ۋە يېزا ئىگىلىك مۇتەخەسسىسگە سېتىپ بېرىلدى . ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 20 يىلدىن ئارتۇق ستاژغا ئىگە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانى ، سوۋخوز ۋە كولخوزلارنىڭ 32 نەپەر رەئىسلىرى ئۆزلىرى ئىشلىگەن سوۋخوز ۋە كولخوزلار مۈلكىنىڭ 20% گە ھەقسىزلا ئېرىشتۈالدى . دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن بىر قىسىم غەيرىي دۆلەت ئىلگىلىكىدىكى يېزا ئىگىلىك گەۋدىلىرى بازار ئىگىلىكى مېخانىزمىنى يولغا قويغاچقا ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا زىياننى پايدىغا ئۆزگەرتىپ ، كۆرۈنەرلىك ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى . لېكىن ، زور كۆپچىلىك مەيدانلارنىڭ ۋىۋىسكىسىلا ئۆزگىرىپ ، ئىچكى قىسمىدىكى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى ۋە باشقۇرۇش مېخانىزىمى ئۆزگەرمىگەچكە ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەبلەغ كەمچىل بولۇپ تېرىقچىلىق قىلىش تەس بولغاچقا ، تا بۈگۈنگىچە كىرىزىستىن قۇتۇلالمىدى . ھۆكۈمەت دائىرىلىرى 1996 - يىلى ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانى

ۋە باشقا تۈردىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يېزا ئىگىلىك كارخانىلىرىنى خۇسۇسىيلاشتۇرۇپ بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

كولخوزلار — دېھقانلارنىڭ كوللېكتىپ ئىگىلىكى بولۇپ، ئۇلارمۇ ئوخشاشلا مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنىڭ چوڭقۇر ئۆزگىرىشىنى باشتىن كۆچۈرمەكتە. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، پۈتۈن مەملىكەتتە ئەسلىدە بار بولغان 400 نەچچە كولخوزنىڭ 300 نەچچىسى رەسمىي پارچىلىنىپ بولغان ياكى ئىسمى قېلىپ جىسمى يوقالغان، بۇنىڭ ئورنىغا 27 مىڭ خۇسۇسىي ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانى، زور تۈركۈمدىكى يېزا ئىگىلىك كوپراتىپى ۋە ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى يېزا ئىگىلىك كارخانىلىرى ئالماشقان.

خۇسۇسىي ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانى — يېقىنقى يىللاردىن بېرى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى رايونىدا مەيدانغا كەلگەن كىچىك تىپتىكى خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدىكى ئەمەلىي گەۋدە بولۇپ، بۇ خىل كىچىك دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ خوجايىنلىرى بىر ئائىلە بولسىمۇ ياكى كۆپ ئائىلە بولسىمۇ بولىدۇ، ھەتتا بىر نەچچە دوستلار بىرلىشىپ ئورتاق باشقۇرسىمۇ بولىدۇ. قازاقىستاننىڭ يېرى كەڭ، ئادىمى ئاز بولغاچقا، خۇسۇسىي ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ئىگىلىگەن يەر مەيدانى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 356 گېكتارغا بارىدۇ. ئەڭ كىچىك مەيدان 22 گېكتار، ئەڭ چوڭ مەيدان 3365 گېكتار كېلىدۇ.

خۇسۇسىي ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ ئىگىلىگەن يەر مەيدانىمۇ ئۈزلۈكسىز كېڭەيمەكتە، لېكىن ئۇلار ئىشلەپچىقارغان ئاشلىق ۋە باشقا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئىنتايىن ئاز بولماقتا. 1994 - يىلى خۇسۇسىي ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ئىشلەپچىقارغان ئاشلىق 438 مىڭ توننا بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارىنىڭ 2.4% نى ئىگىلىگەن. ھەر خىل كۆكتات 15 مىڭ 400 توننا بولۇپ، 2%نى ئىگىلىگەن، قوغۇن - تاۋۇزلارنىڭ مەھسۇلات مىقدارى 4.9% نى ئىگىلىگەن. نۆۋەتتە، خۇسۇسىي ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا مەبلەغنىڭ قىسلىقىنى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنىڭ ئاجىزلىقىنى، باھاسى شىددەت بىلەن ئۆسۈۋاتقان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىياللىرىنى سېتىۋېلىشقا كۈچى يەتمەيۋاتقانلىقىنى، نەتىجىدە ئىشلەپچىقىرىش ئالغا باسماي توختاپ قېلىۋاتقانلىقىنى، ھەتتا زور ھەجىمدە تۆۋەنلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلماقتا.

يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ۋە غەيرىي دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تەركىپلەرنىڭ يېزا ئىگىلىكىدىكى ئورنى ۋە نىسبىتىدە زور ئۆزگىرىش ھاسىل قىلدى. دۆلەت ستاتىستىكا كومىتېتى تەمىنلىگەن ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە: 1992 - يىلى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ۋە باشقا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يېزا ئىگىلىك گەۋدىلىرىنىڭ تېرىلغۇ يەر مەيدانى، پۈتۈن تېرىلغۇ يەر مەيدانىنىڭ 86% نى ئىگىلەيتتى. 1995 - يىلىغا كەلگەندە، بۇ نىسبەت 26.6% كە چۈشۈپ قالغان؛ 1992 - يىلى، غەيرىي دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يېزا ئىگىلىك گەۋدىلىرى (كولخوزلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، لېكىن خۇسۇسىي ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانلىرى بۇنىڭ سىرتىدا) نىڭ تېرىلغۇ يەر مەيدانى 12% نى ئىگىلەيتتى، 1995 - يىلىغا كەلگەندە بۇ نىسبەت 68.8% كە كۆتۈرۈلگەن؛ 1992 - يىلى، خۇسۇسىي ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى 1.2% نى ئىگىلەيتتى، 1995 - يىلىغا كەلگەندە بۇ نىسبەت 7%.3 كە كۆتۈرۈلگەن؛ يەككە قوشۇمچە ئىگىلىكنىڭ

تېرىلغۇ يەر كۆلىمىمۇ 1992 - يىلىدىكى 0.6% دىن 1995 - يىلىدىكى 0.9% كە ئۆسكەن .

قازاقىستان مۇستەقىل بولغان تۆت يىلدىن بېرى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئۈزلۈكسىز ئاجىزلاپ، ئاشلىقنىڭ مەھسۇلات مىقدارى يىلسېرى تۆۋەنلىدى . 1992 - يىلى ھاۋا رايى ياخشى بولۇپ، 32 مىليون تونىنا ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىلغان . دېمەك، كۆپ يىللاردىن بېرى ئاز كۆرۈلگەن ياخشى ھوسۇل قولغا كەلگەن . لېكىن، كېيىنكى يىلدىن باشلاپ ئاشلىق مىقدارى ئۈزلۈكسىز تۆۋەنلەپ كەتكەن . 1993 - يىلى مەھسۇلات مىقدارى 22 مىليون تونىنغا چۈشكەن، 1994 - يىلى يەنە تۆۋەنلەپ 18 مىليون تونىنغا، 1995 - يىلى بولسا تېخىمۇ تۆۋەنلەپ 10 مىليون تونىنغا چۈشۈپ قالغان .

ستاتىستىكىنىڭ كۆرسىتىشىچە، يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بېرى، قازاقىستان يېزا ئىگىلىك زىرائەتلىرىنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى ئازىيىپ كەتكەن . بۇ ھال 1995 - يىلى ناھايىتى روشەن بولغان .

يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ ئىقرار قىلىشىچە، تۇپراقنىڭ ئاجىزلىشىشى ۋە ئېتىز - ئېرىق باشقۇرۇشنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى قاتارلىق ئامىللارنىڭ تەسىرىدە، ھەر بىر گېكتار يەرنىڭ مەھسۇلات مىقدارى ئۆتكەن يىلىدىكى 8.9 سېنتنېردىن بۇ يىلقى 6.5 سېنتنېرغا چۈشۈپ قالغان .

1993 - يىلى قازاقىستان مال - چارۋىلىرىنىڭ قوتاندا ساقلانغان تۇياق سانى ۋە ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ سانى، 1994 - يىلىدىكى ئومۇمىي سانىنىڭ ئۈچتىن بىرى ئازلاپ كەتكەچكە، گۆش مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى 14% تۆۋەنلىگەن، مويلۇق تېرە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەھسۇلات مىقدارى 23% تۆۋەنلىگەن، تۇخۇم مەھسۇلات مىقدارى 33% تۆۋەنلىگەن .

گەرچە قازاقىستاننىڭ ئاشلىق مەھسۇلاتى يىلدىن يىلغا زور كۆلەمدە كېمىيىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن نوپۇسى 17 مىليونغا يەتمەيدىغان دۆلەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، يەنىلا ئۆزىنى تەمىنلەپ ئېشىنىدۇ . ھەر يىلى بىر قىسىم ئاشلىقنى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى روسىيە، ئۆزبېكىستان ۋە تاجىكىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئېكسپورت قىلىدۇ . ئادالەت تاھىر(ت)

## پاكىستاننىڭ سىند ئۆلكىسى پاختىدىن مول ھوسۇل ئالدى

خەۋەرلەرگە قارىغاندا، پاكىستاننىڭ سىند ئۆلكىسى 1995 - يىلى پاختا مەھسۇلات مىقدارىنى 132 مىليون تايدىن ئاشۇرۇپ ئىلگىرىكى رېكورتتىن ھالقىغان . پاكىستان ھۆكۈمىتى، پاختىدىن مول ھوسۇل ئېلىشىمىز پاختىكارلارنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ۋە يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىدىن بولغان، دەپ قارايدۇ . سىند ئۆلكىلىك يېزا ئىگىلىك ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بۇ رايوندىكى پاختىكارلارنىڭ 1996 - يىلى يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ پىكىر - تەلەپلىرىنى تېخىمۇ كۆپ قوبۇل قىلىپ ۋە پاختا تېرىشتىكى ئىلغار تېخنىكىلارنى قوللىنىپ پاختىدىن تېخىمۇ كۆپ مول ھوسۇل ئېلىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى . ھازىر پاكىستان ھۆكۈمىتى پاختىكارلارنى رادىئو ۋە تېلېۋىزىيەلەردىكى پاختىنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالىغا ۋە ھاشارات زىيانداشلىقى مەسىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرنى دىققەت بىلەن ئاڭلاپ، كۆرۈشكە دەۋەت قىلماقتا . پاكىستاندىكى ئىككىنچى چوڭ كېۋەز تېرىش رايونى بولغان سىند ئۆلكىسى 1994 - يىلى ھاشارات زىيانداشلىقى تۈپەيلىدىن پاختىدىن پەقەت 1 مىليون 200 مىڭ تاي ھوسۇل ئالغان .

## پاكىستان پاختىدىن مول ھوسۇل ئالدى

پاكىستان 1995 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن 1996 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە بولغان ۋاقىتتا پاختىدىن 12 مىليون 700 مىڭ تاي ھوسۇل ئېلىشنى مۆلچەرلىدى (ھەر بىر تايىنىڭ ئېغىرلىقى 375 قاداق كېلىدۇ).

پاكىستان كېۋەز تېرىلىدىغان يەرلەرنىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتكەنلىكتىن ۋە كېسەللىك ھاشارات زىيانداشلىقىغا ئۇچرىمىغانلىقتىن 1995 ـ 1996 ـ يىللىق پاختا مەھسۇلات مىقدارى 9 مىليون 500 مىڭ تايلىق نىشاندىن ئاشتى. پاكىستان ھۆكۈمىتى پاختا مەھسۇلات مىقدارىنىڭ 12 مىليون 800 مىڭ تايغا يېتىپ، پاكىستان ھازىر دۇچ كېلىۋاتقان توقۇمىچىلىقتىكى خام ماتېرىيال يېتىشمەسلىكتەك مەسىلىنىڭ ھەل بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ.

پاكىستاندا پاختا ۋە پاختا توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرى ئېكسپورت سوممىسىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. ئىلگىرىكى 3 يىلدا پاختىدىن ئۇدا ياخشى ھوسۇل ئالالمىغانلىقتىن پاكىستاننىڭ پاختا توقۇمىچىلىقى راۋاج تاپماي، ھۆكۈمەتنىڭ ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلاتتى. پاكىستان ھۆكۈمىتى پاختا توقۇمىچىلىق ساھەسىدە يېڭى بىر بەنزە ئورگاننى قۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن پاختا توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئېكسپورت قىلىدىغان سودىگەرلەر ھەر يىلى بانكا ۋە پۇل مۇئامىلە ئورگانلىرى تەرىپىدىن زور مىقداردىكى باج قايتۇرۇش ئېتىبارى بىلەن تەمىنلىنىدۇ.

## پاكىستان چەت ئەللىكلەرنى كان ئىشلىرىغا مەبلەغ سېلىشقا رىغبەتلەندۈردى

پاكىستان ھۆكۈمىتى 1995 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى چەت ئەللىكلەرنى كان ئىشلىرىغا مەبلەغ سېلىشقا رىغبەتلەندۈرىدىغان بىر قاتار ئۇسۇللارنى ئېلان قىلدى. بۇ چارە ـ تەدبىرلەر كان قېزىشتا ئىشلىتىلىدىغان ئۈسكۈنىلەرنى ئىمپورت قىلىشتىكى تاموژنا بېجىنى ئازايتىش ۋە قېزىش ئىجازەتنامىسىنى ئەركىن تارقىتىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. نېفىت ۋە تەبىئىي بايلىق مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى: چەت ئەللەرنىڭ مەبلەغ سېلىش شىركەتلىرى ئىلگىرىكىگە ئوخشاش چوقۇم پاكىستاننىڭ شىركەتلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ ئاندىن قېزىش ئىجازەتنامىسىگە ئېرىشىدىغان ئۇسۇلنى قوللانمىسىمۇ بولىدۇ، دېدى. لېكىن چەت ئەل شىركەتلىرى كان قېزىشنى ھۆددىگە ئالغاندا چوقۇم شۇ يەرلىك شىركەتلەر بىلەن ھەمكارلىشىشى زۆرۈر.

سودا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشىشتىن ئاۋۋالقى قېزىش مەزگىلىدە، ھۆكۈمەت پەقەت مەبلەغ سالغۇچىدىن 6% باج ئېلىپ تۇرىدۇ، لېكىن ئىمپورت قىلىنغان كان قېزىش ئۈسكۈنىلىرىدىن سېتىش بېجى ئېلىنمايدۇ، ئېكسپورت قىلىنىدىغان كان مەھسۇلاتلىرىدىنمۇ سېتىش بېجى ئېلىنمايدۇ.

## ماگنىت ئارقىلىق تۇرۇبا يولىدىكى داتنى تازىلاش

روسىيەدىكى بىر زاۋۇت ماگنىتتىن پايدىلىنىپ تۆمۈر تۇرۇبا ئىچىدىكى دات ۋە پاسكىنا نەرسىلەرنى تازىلاپ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. بۇنىڭ كونكرېت ئۇسۇلى: ئالدى بىلەن ماگنىت

ئۇۋاقلىرىنى تۆمۈر تورۇبا ئىچىگە كىرگۈزىدۇ . ئاندىن كېيىن ئېلېكتر ماگنىتنى تۆمۈر تورۇبا ئۇستىگە كەپلەپ قويىدۇ . بۇ ۋاقىتتا تورۇبا ئىچىدىكى ماگنىت ئۇۋاقلىرى تۆمۈر تورۇبا ئىچىگە چىڭ چاپلىشىدۇ . ئېلېكتر ماگنىتنى تۆمۈر تورۇبا بويلاپ يۆرگۈزسە تورۇبا ئىچىدىكى ماگنىت ئۇۋاقلىرىمۇ بىللە يۆرىدۇ . شۇنىڭ بىلەن تۆمۈر تورۇبا ئىچىدىكى تۆمۈر داتلىرى ۋە پاسكىنا نەرسىلەر تازىلىنىپ بىللە چىقىپ كېتىدۇ .

## تەسۋىرنى روشەنلەشتۈرمىسىمۇ ۋە يۇمۇسىمۇ بولىدىغان فوتو سۈرەت قەغىزى

روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى قاتتىق جىسىم خىمىيە تەتقىقات ئورنى بىر خىل يېڭى تىپتىكى فوتو سۈرەت قەغىزىنى ئىشلەپچىقاردى . بۇ خىل سۈرەت قەغىزىنى دەرمال بىلەن 5 - 7 سېكونت قىزدۇرسىلا تەسۋىر روشەنلىشىدۇ . بۇنىڭغا تەسۋىرنى روشەنلەشتۈرۈش دورىسى ۋە مۇقىملاشتۇرغۇچى دورا كېرەك بولمايدۇ ، يۇيۇش ۋە قۇرۇتۇش قاتارلىق ھۈنەرلەرمۇ ھاجەتسىز .

## بىنت ۋە داكا ئورنىدا ئىشلەتكىلى بولىدىغان بىئولوگىيىلىك بىرىكمە ماتېرىيال

سانكت - پېتېربۇرگ شەھرى تىببىي تەتقىقات ئورنىدىكى مۇتەخەسسىسلەر ، بىر خىل بىئولوگىيىلىك بىرىكمە ماتېرىيالنى بىنت ۋە داكا ئورنىدا ئىشلىتىش ھەققىدە تەكلىپ بەردى . بۇ خىل بىئولوگىيىلىك ماتېرىيال خۇددى كۆپۈكلۈك ئۇيۇغان ئامىياك ياغ تالاسىغا ئوخشاش بولۇپ ، ئۇنىڭغا دورا سىڭدۈرۈپ ، دورىنىڭ داۋالاش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ . ئۇنى كۆيگەن ۋە يارىلانغان جايغا چاپلىسا تېز ساقىيىدۇ ۋە يىرىڭلىمايدۇ . بۇ خىل ماتېرىيالنىڭ ناھايىتى كۈچلۈك مىكروپقا قارشى رولى بولۇپلا قالماي بەلكى ئوپېراتسىيە قىلىشتىن قالغان ئىششىقنىمۇ تېز ئارىدا يوقىتىۋېتىدۇ .

بۇ خىل ئالاھىدە ماتېرىيال ئامېرىكا ، ياپونىيە ۋە گېرمانىيەقاتارلىق دۆلەتلەردىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىدى .

## قازاقىستاننىڭ تاشقى پېرېۋوت كىرىمى

قازاقىستاننىڭ 1995 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدىكى تاشقى پېرېۋوت زاپىسى 1 مىليارد 150 مىليون 300 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولدى . دۆلەت ئىچىدىكى كارخانا ئورۇنلىرىنىڭ مۇئامىلە ھېساباتىدىكى تاشقى پېرېۋوت كىرىمى 1 مىليارد 448 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى . بۇ ، كارخانا ئورۇنلىرى بەلگىلىمە بويىچە بىر قىسىم تاشقى پېرېۋوت كىرىمىنى دۆلەتتىن ھالقىغان ئاكسىيە بازىرىغا تاپشۇرغاندىن كېيىنكى پۇل . بۇنىڭغا يەنە يىل بېشىدىكى ھېساباتتا قالغان 143 مىليون 400 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىنى قوشقاندا تاشقى پېرېۋوت كىرىمى جەمئىي 1 مىليارد 591 مىليون 400 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدۇ ، بۇ 1994 - يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكى تاشقى پېرېۋوت كۆرسەتكۈچىدىن ئىككى ھەسسە كۆپ .

تاشقى پېرېۋوت مەبلىغى ئاساسەن تۆۋەندىكى ھەر قايسى ئوبلاست شەھەرلەردىكى كارخانا ئورۇنلىرىنىڭ مۇئامىلە ھېساباتىغا مەركەزلەشكەن : ئالمۇتا شەھىرىدە 962 مىليون 900 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى (61%) ، ئاقتۆبە ئوبلاستىدا

124 مىليون 900 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى (8%) ، قوستاناي ئوبلاستىدا 85 مىليون 200 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى (5%) ، جىزقازغان ئوبلاستىدا 43 مىليون 400 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى (5%) . تاشقى پېرېۋوت يارىتىدىغان ئاساسلىق ئورۇنلار : جىزقازغان رەڭلىك مېتال ھەسسىدارلىق شىركىتى (55 مىليون 800 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى )، ئاليومىن زاۋۇتى ھەسسىدارلىق شىركىتى (42 مىليون 800 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى )، قازاقىستان بىلەن تۈركمەنىستان شېرىكلىشىپ قۇرغان ئۇناي چەكلىك شىركىتى (28 مىليون 300 مىڭ ئامېرىكادوللىرى ) ، يېرماكوۋ تۆمۈر قېتىشمىسىنى ياساش زاۋۇتى (26 مىليون 800 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى )، دېئىن شېرىكلەشكەن شىركىتى ( 14 مىليون 300 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى ) .

كارخانا ئورۇنلىرىنىڭ تاشقى پېرېۋوت ھېساباتىغا ئاجرىتىپ بېرىلگەن ئېكسپورت ئارقىلىق يارىتىلغان تاشقى پېرېۋوتى 621 مىليون 600 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى . بۇنىڭ ئىچىدىكى 551 مىليون 900 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى مەھسۇلات ئېكسپورت قىلىش (90%) ، 53مىليون 700 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى ئەمگەك مۇلازىمىتىنى ئېكسپورت قىلىش ئارقىلىق (9%) كەلگەن .

باشقا ئۇسۇللار ئارقىلىق يارىتىلغان تاشقى پېرېۋوت ، تاشقى پېرېۋوت ئومۇمىي كىرىمىنىڭ 38.2% نى ئىگىلەيدۇ ، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بازارلاردا سېتىش ئارقىلىق كىرگىنى 562 مىليون 900 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ 35% نى ، قولغا كەلتۈرگەن تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى 52 مىليون 500مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ 3.2% نى ئىگىلەيدۇ .

ئوخشاش مەزگىلدە ئىشلىتىلگەن تاشقى پېرېۋوت مەبلىغى 1 مىليارد 438 مىليون 100 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ ، تاشقى پېرېۋوت كىرىمىنىڭ 90% نى ئىگىلەيدۇ .

(1 - جەدۋەل )

| تۈرلەر | 95 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمى (مىليون دوللار) | 94 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمى (مىليون دوللار) | 95 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمى بىلەن 94 - يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلى (%) |
|---|---|---|---|
| جەمئىي | 1438.1 | 589.8 | 240 |
| ئېمپورت قىلىنغان مەھسۇلاتلار | 230.6 | 148.8 | 150 |
| ئېمپورت قىلىنغان ئەمگەك مۇلازىمىتى | 25.7 | 22.4 | 115. |
| كەسپىي خادىملارنىڭ چەت ئەللەرگە كاماندىروپكا قىلىشى | 3.6 | 3.2 | 113 |
| قەرز قايتۇرۇش ۋە قەرز تۆلەشتىكى ئۆسۈم | 41.7 | 29.9 | 139 |
| سېتىلغان تاشقى پېرېۋوت | 872.2 | 180.0 | 485 |
| باشقا چىقىملار | 264.3 | 205.5 | 129 |

دوكلات مەزگىلىدە ھېسابقا كىرگۈزۈلمىگەن كارخانا ئورۇنلىرىنىڭ تاشقى پېرېۋوت مۇئامىلە ھېساباتىدىكى پۇلنىڭ سانى 153 مىليون 200 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ ، 1994 - يىلىنىڭ

ئۇخشاش مەزگىلىدىكىگە قارىغاندا 40% كۆپ . بۇ ئىشلىتىلمىگەن تاشقى يېرىۋوتنىڭ 65% تى ئالما ـ ئاتادا ، 13% تى ئاقتۆبە ئوبلاستىدا ، 7% تى مانـ ـغىستاۋ ئوبلاستىدا .

1995 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە چەت ئەل شىركەتلىرىنىڭ قەرز پۇلى 55 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ يىل بېشىدىكى قەرز پۇل مىقدارىغا قارىغاندا 16 مىليون ئامېرىكا دوللىرى يەنى 22% ئازايدى . سوكولوۋ ـ سارباي كان مەھسۇلاتلىرى بىرلەشمە شىركىتىنىڭ (قوستاناي ئوبلاستىدا ) 3 مىليون 700 مىڭ دوللار قەرزىنى بۇ كارخانىنىڭ سودا شېرىكى بولغان دۆلەت قايتۇرۇپ بەردى . ھازىرغىچە قەرز پۇلنى قايتۇـ رۇپ ئالالمىغان ئەڭ زور قەرز ئىگىلىرى پاۋلودار ، ئاتىراۋ ۋە جامبۇلدىكى كارخانىلار بولۇپ ، ئومۇـ مىي قەرز پۇل ئىچىدە بۇ ئورۇندىكى كارخانىلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 34% ، 16% ۋە 11% نى ئىـ گىلەيدۇ .

ئىمپورت ـ ئېكسپورت مەھسۇلاتلىرى ئەمگەك مۇلازىمىتىنىڭ تاشقى يېرىۋوت كىرىم ـ چىقىم ئەھۋالى (1995 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 6 ـ ئايغىچە ، بىرلىكى : مىليون ئامېرىكا دوللىرى )

(2-جەدۋەل)

| قازاقىستاندىكى ئوبلاستلار | ئېكسپورت مەھسۇلاتلىرى ۋە ئەمگەك مۇلازىمىتىنىڭ تاشقى يېرىۋوت كىرىمى | ئىمپورت مەھسۇلاتلىرى ۋە ئەمگەك مۇلازىمىتى |
|---|---|---|
| جەمئىي | 621.6 | 256.3 |
| ئاقمولا ئوبلاستى | 11.2 | 6.9 |
| ئاقتۆبە ئوبلاستى | 90.8 | 46.6 |
| ئالمۇتا ئوبلاستى | 4.3 | 8.5 |
| ئاترۇ ئوبلاستى | 16.6 | 8.5 |
| شەرقىي قازاقىستان ئوبستى | 13.9 | 8.9 |
| جامبۇل ئوبلاستى | 7.2 | 0.7 |
| جېزقازغان ئوبلاستى | 73.3 | 6.9 |
| غەربىي قازاقىستان ئوبلاستى | 0.5 | 0.9 |
| قاراغاندا ئوبلاستى | 36.2 | 10.7 |
| قىزىل ئوردا ئوبلاستى | 0.9 | 0.1 |
| كوكچېتاۋ ئوبلاستى | 0.2 | 0.5 |
| قوستاناي ئوبلاستى | 67.5 | 0.9 |
| مانغىستاۋ ئوبلاستى | 37.7 | 22.9 |
| پاۋلودار ئوبلاستى | 68.9 | 7.7 |
| سېمىپالاتىنىسكى ئوبلاستى | 0.4 | 0.5 |
| تالدى قورغان ئوبلاستى | 1.4 | 0.1 |
| تورغاي ئوبلاستى | 1.7 | — |
| جەنۇبىي قازاقىستان ئوبلاستى | — | — |
| ئالمۇتا شەھىرى | 1.9 | 1.3 |
|  | 187.0 | 128.4 |

## قازاقىستان بازارلىرىدا كىگىز ئۆيى كەمچىل بولماقتا

نۆۋەتتە ، قازاقىستان بازارلىرىدا كىگىز ئۆيى كەمچىل ، باھاسى قىممەت بولماقتا . قازاقىستاندىكى كىگىز ئۆيى ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇتلار مەبلەغ كەمچىل بولغانلىقتىن نۆۋەتتە قىيىنچىلىققا دۇچ كەلمەكتە .

بۇ زاۋۇت قازاقىستاندىكى كىگىز ئۆيى ئىشلەپچىقىرىدىغان بىردىنبىر زاۋۇت بولۇپ ، يىلدا 15 ـ 17 مىڭ يۈرۈش ئىشلەپچىقىرىدۇ ، 1994 ـ يىلى مەبلەغ ۋە ماتېرىيال كەمچىل بولغانلىقتىن ئاران مىڭدىن ئارتۇق ئىشلەپچىقاردى ، 95 ـ يىلى ئەھۋالى بىر قەدەر ياخشىلاندى .

## ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تاشقى سودا ئىمپورت ـ ئېكسپورت ۋەزىپىسى بىر ئاي بۇرۇن ئورۇنلىنىپ بولدى

1995 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىمپورت ـ ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 1 مىليارد 109 مىليون 400 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ ، 1 مىليارد 200 مىليون ئامېرىكا دوللىرىلىق پىلاننى %100.78 ئورۇنلاپ ، ئالدىنقى يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن %49.03 ئاشۇرۇپ ، ئاپتونوم رايوندىن چۈشۈرگەن بۇ يىللىق پىلاننى بىر ئاي بۇرۇن ئاشۇرۇپ ئورۇنلىدى .

1995 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 11 ـ ئايغىچە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تاشقى سودا ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 685 مىليون 880 مىڭ دوللار بولۇپ ، پىلاننى %114.31 ئورۇنلاپ ئالدىنقى يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن %47.67 ئاشۇرغان . ئىمپورت ئومۇمىي سوممىسى 523 مىليون 520 مىڭ دوللار بولۇپ ، يىللىق پىلاننىڭ %87.25 نى ئورۇنلاپ ، ئالدىنقى يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن %50.86 ئاشۇرغان .

بارلىق ئىمپورت ـ ئېكسپورت سوممىسى ئىچىدە ، ئادەتتىكى سودا ئىمپورت ـ ئېكسپورت سوممىسى 536 مىليون 868 مىڭ دوللار بولۇپ ، ئالدىنقى يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن %44.47 ئاشقان .

1995 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مال ئالماشۇرۇش سودىسى 1994 ـ يىلىدىكى پايدىسىز تەسىرلەرنى يېڭىپ ، چېگرا سودا تەرتىپىنى يەنىمۇ ئىلگىرلەپ رەتكە سېلىپ ، چېگرا ئېغىزىدىكى قالايمىقان ھەق ئېلىشنى ئازايتىپ ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مال ئالماشۇرۇش سودىسىدا يىلنىڭ بېشىدىن باشلاپلا ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى . 1995 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 11 ـ ئايغىچە مال ئالماشتۇرۇش سودىسىنىڭ ئىمپورت ـ ئېكسپورت سوممىسى 610 مىليون 610 مىڭ دوللار بولۇپ ، ئالدىنقى يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن %52.74 ئاشقان . « ئۈچ خىل مەبلەغ » كارخانىلىرىنىڭ ئىمپورت ـ ئېكسپورت سوممىسى 61 مىليون 929 مىڭ دوللارغا يېتىپ ، ئالدىنقى يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىن %54.28 ئاشقان .

## روسىيە 1996 - يىللىق مالىيە خام چوتىنى ماقۇللىدى

روسىيە يېقىندا 1996 - يىللىق مالىيە خام چوت لايىھەسىنى ماقۇللىدى. بۇ لايىھەگە ئاساسەن، روسىيىنىڭ 1996 - يىللىق مالىيە چىقىمى 77 مىليارد 160 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدۇ. مالىيە قىزىل رەقىمى مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 3.85% ى ئىچىدە، ئايلىق ئوتتۇرا ھېسابتىكى پۇل پاخاللىشىش نىسبىتى 1.9% تىن تۆۋەن بولۇش كونترول قىلىنماقچى. بۇ نىشان ئەڭ يېڭى ستاتىستىكا قىلىنغان 10 - ئايدىكى 4.7% لىق پۇل پاخاللىشىش نىسبىتىدىن 2.8% تۆۋەن.

## دۆلىتىمىز بۇ يىل 4 - ئايدىن باشلاپ ئىمپورت - ئېكسپورت باج تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ تەڭشەيدۇ

يېقىندا گوۋۇيۈەن دۆلىتىمىزنىڭ ئىمپورت - ئېكسپورت بېجىنى يىغىش سىياسىتىنى ئىسلاھ قىلىپ تەڭشەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقاردى.

ئۇقتۇرۇشتا، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋە تاموژنا باج قۇرۇلمىسىنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇشقا پايدىلىق بولۇش شەرتى ئاستىدا، دۆلىتىمىزنىڭ ئىمپورت تاموژنا باج سەۋىيىسى تەدرىجىي ھالدا ئادەتتىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئوتتۇرا ھېسابتىكى سەۋىيىسىگىچە تۆۋەنلىتىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن 1996 - يىلى 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىمپورت تاموژنا باج سەۋىيىسىنى 23% تۆۋەنلىتىدۇ، دەپ ئېلان قىلدى.

ئۇقتۇرۇشتا، 1996 - يىلى 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئىمپورت قىلىنغان ئۈسكۈنىلەر ۋە خام ئەشيا قاتارلىقلاردىن قانۇندا بەلگىلەنگەن باج نىسبىتى بويىچە تاموژنا بېجى ۋە ئىمپورت ئايلىنىش ھالقا بېجى ئېلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. بۇنىڭ ئىچىدە، يېڭىدىن تەستىقلىنىپ تەسىس قىلىنغان چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ ئومۇمىي سوممىسى ئىچىدە ئىمپورت قىلىنغان ئۈسكۈنە ۋە خام ئەشيالاردىن قانۇندا بەلگىلەنگەن باج نىسبىتى بويىچە تاموژنا بېجى ۋە ئىمپورت ئايلىنىش ھالقا بېجى ئېلىنىدۇ. بۇنىڭدىن بۇرۇن قانۇنغا ئاساسەن تەستىقلىنىپ تەسىس قىلىنغان چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلار، بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە تاموژنا بېجى ۋە ئىمپورت ئايلىنىش ھالقا بېجى كەچۈرۈم قىلىش ئېتىبارىدىن داۋاملىق بەھرىمەن بولىدۇ، يەنى سېلىنغان مەبلەغنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 30 مىليون ئامېرىكا دوللىرى (مۇشۇ ئۇقتۇرۇشنى ئېلان قىلغان كۈندىن كېيىن قوشۇلغان مەبلەغنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) دىن يۇقىرى بولغان تۈرلەرگە ئىمپورت قىلغان ئۈسكۈنە ۋە خام ئەشيالارغا 1997 - يىلى 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە يەنىلا بۇرۇنقى بەلگىلىمىنى ئىجرا قىلىدۇ. سېلىنغان مەبلەغنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 30 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن تۆۋەن بولغان تۈرلەرگە ئىمپورت قىلغان ئۈسكۈنە ۋە خام ئەشيالارغا 1996 - يىلى 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە يەنىلا بۇرۇنقى بەلگىلىمىنى ئىجرا قىلىدۇ. بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە ئىجرا قىلىپ بولالمىغانلار، تاشقى ئىقتىسادى مىنىستىرلىكىگە ئىلتىماس قىلىپ، گوۋۇيۈەن تەس

تىقلىغاندىن كېيىن مۇددەت ئۇزارتىلىدۇ .

يېڭىدىن تەستىقلانغان تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرىگە ئىمپورت قىلغان ئۈسكۈنىلەردىن قانۇندا بەلگىلەنگەن باج نىسبىتى بويىچە تاموژنا بېجى ۋە ئىمپورت ئايلىنىش ھالقا بېجى ئېلىنىدۇ . بۇنىڭدىن بۇرۇن دۆلەت ياكى ئۆلكە دەرىجىلىك ئىش باشلاش پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرلىرى ئۈچۈن ئىمپورت قىلىنغان ئۈسكۈنىلەر مۇددەتنى ئۇزارتقان ۋاقىت ئىچىدە تاموژنا بېجى ۋە ئىمپورت ئايلىنىش ھالقا بېجى كەچۈرۈم قىلىنغان ئېتىباردىن داۋاملىق بەھرىمەن بولىدۇ . بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە ئىجرا قىلىپ بولغانلار ، دۆلەتلىك ئىقتىسادىي سودا كومىتېتىغا ئىلتىماس قىلىپ ، گوۋۇيۈەن تەستىقلىغاندىن كېيىن مۇددەتنى ئۇزارتىشقا بولىدۇ .

پۈتۈن دۆلەتنىڭ ھەر تۈرلۈك ئالاھىدە بېكىتىلگەن رايونلىرى ، يەنى ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون ، ئىقتىسادىي تېخنىكا ئېچىش رايونى ، يۇقىرى يېڭى تېخنىكا سانائەت ئېچىش رايونى ، دېڭىز ياقىسىدىكى ئېچىۋېتىلگەن شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىدىن قانۇندا بەلگىلەنگەن باج نىسبىتى بويىچە تاموژنا بېجى ۋە ئىمپورت ئايلىنىش ھالقا بېجى ئېلىنىدۇ .

ئۇقتۇرۇشتا ، چېگرىداش دۆلەتلەر بىلەن قىلىنغان مال ئالماشتۇرۇش سودىسى ۋە ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرلىرى ئۈچۈن ئىمپورت قىلىنغان ماللارنىڭ تاموژنا بېجى ۋە ئىمپورت ئايلىنىش ھالقا بېجى كەچۈرۈم قىلىنىش توغرىسىدىكى قارار ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ ، دەپ بەلگىلەندى . چېگرا خەلقلىرىنىڭ ئۆز ئارا سودىسى ۋە چېگرىدىكى ئاز سومملىق سودىلاردىن باج ئېلىشتىكى ئېتىبار سىياسىتى ئايرىم بەلگىلىنىدۇ .

## ئاقمولا ئايرودرومىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش باشلاندى

قازاقىستاننىڭ كەلگۈسىدىكى پايتەختى ئاقمولا ئايرودرومىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش پىلان لايىھىسى پۈتتى ، بىر نەچچە ئايدىن كېيىن يېڭىدىن كېڭەيتىپ قۇرۇلغان ئايرودروم ئەسلىھەلىرى خەلقئارالىق ئۆلچەمگە يېتىدۇ .

ئىگىلەشلەرگە قارىغاندا ، بۇ ئايرودرومنىڭ ئۈسكۈنىلىرى موسكۋا خەلقئارالىق ئايرودرومنىڭ ئۈسكۈنىلىرىگە قارىغاندا تېخىمۇ مۇكەممەل يۈرۈشلەشكەن . موسكۋا خەلقئارالىق ئايرودروم ئۈچىنچى دەرىجىلىك بولۇپ ، ئاقمولا ئايرودرومى خەلقئارا ئىككىنچى دەرىجىلىك ئۆلچەمگە لايىق . ھازىر كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى جىددىي ئېلىپ بېرىلماقتا .

## قازاقىستاننىڭ پايتەخت يۆتكىشى بىزگە سودا پۇرسىتى يارىتىپ بەردى

قازاقىستان سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىككىنچى چوڭ دۆلىتى بولۇپ ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان . بىز بىلەن ئورتاق چېگرا سىزىقى تەخمىنەن 1700 كىلومېتىر كېلىدۇ .

جۇڭگو بىلەن قازاقىستاننىڭ تاۋارلىرى ئىنتايىن كۈچلۈك بىر - بىرىنى تولۇقلاشچانلىقىغا ئىگە . ئىككى دۆلەتنىڭ سودىسى قازاقىستان بىلەن مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىنىڭ سودىسىدىن قالسىلا 2 - ئورۇندا تۇرىدۇ . 1994 - يىلى لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ قازاقىستانغا قىلغان ئېكسپورت سوممىسى 1 مىليون 540 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ روسىيىدىن قالسا ئىككىنچى ئورۇندا

تۇرىدۇ ؛ ئىمپورت قىلىپ كىرگەن مال 780 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدۇ ، ئاساسلىقى خىمىيۋى ئوغۇت ، خىمىيە سانائەت خام ئەشيالىرى قاتارلىقلار.

يېقىندا قازاقستان ھۆكۈمىتى پايتەختىنى ھازىرقى ئالما ـ ئاتادىن ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئاقمولا (سېلىنوگراد ) غا يۆتكەشنى قارار قىلدى . بۇنىڭ ئۈچۈن قازاقستان يېڭى پايتەختكە ھۆكۈمەت خىزمەت بىناسى ، ئولتۇراق جاي رايونى ۋە مۇناسىپ كارخانىلار، كەسپىي ئورۇنلار ھەمدە ئەلچىخانا قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنى سېلىشى كېرەك . قازاقستان ھۆكۈمىتى ، مۇشۇ چوڭ كۆلەملىك قۇرۇلۇشلارنى ئاساسلىق ھالدا چەت ئەل مەبلەغ سالغۇچىلىرى ۋە ئۆز دۆلىتىدىكى مەبلەغ سېلىشقا تايىنىپ ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ، قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە خېرىدار بولۇش شەكلىنى قوللىنىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى . بۇ ھەرىكەت بىزنىڭ بىناكارلىق ئىشلىرىمىزغا ناھايىتى ياخشى پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ.

## ئۆزبېكىستاننىڭ قارا كۆل كۆرپىسى

مودا ۋە ئېھتىياج ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرسىمۇ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بازارلاردا ئۆزبېكىستاننىڭ قارا كۆل كۆرپىسىنىڭ بازىرى تارايماستىن ئەكسىچە تېخىمۇ كېڭەيدى .

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ، قارا كۆل كۆرپىسى بىر قەدەر ئەرزان بولۇپ ، بۇ « قارا رەڭلىك ئەتىرگۈل » نى ھەممىلا يەردە ئۇچراتقىلى بولاتتى ، ھازىر بۇخارا ئوبلاستىنىڭ تۆت ئەتراپىدا قارا رەڭلىك ۋە باشقا ئالتۇن رەڭلىك ، قوڭۇر رەڭلىك ، كۈمۈش رەڭلىك ۋە كۆك رەڭلىك «ئەتىرگۈل » لەر «ئېچىلىپ » تۇرىدۇ. بۇ خىل رەڭدار قارا كۆل كۆرپىسىنى مۇتەخەسسىلەر « سۇر » دەپ ئاتايدۇ. سۇرنىڭ ئومۇمىي مىقدارى قارا رەڭلىكنىڭ مىقدارىغا قارىغاندا كۆپ . خەلقئارا بازاردا سۇرنىڭ باھاسى قارا رەڭلىكنىڭكىگە قارىغاندا يۇقىرى .

«بۇخارا ـ قارا كۆل » ماركىلىق قارا كۆل كۆرپىسى بەلكى پەقەت ئۆزبېكىستاندىلا ئىشلىتىلىپ قالماستىن پۈتۈن دۇنيادا قارشى ئېلىنىدۇ . مەسىلەن : بۇخارا ئوبلاستلىق قارا كۆل كۆرپە زاۋۇتى فرانكفۇرت خەلقئارا كۆرگەزمىسىدە تۇنجى قېتىم تۆت خىل ئايالچە پەلتۇ ۋە قىسقا چاپاننى كۆرگەزمە قىلدى. بۇ، شۇ يەرلىك مويلۇق تېرە ئىشچىلىرى ۋە بۇخارادا بىۋاستە خىزمەت قىلىدىغان گېرمانىيە « شىمىت ماركو » شىركىتىدىكى ئىشچىلارنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسى .

ئۆزبېكىستان ـ گېرمانىيە كارخانىسى ياۋروپا بازارلىرىنى ئوتاشتۇرىدىغان كۆۋرۈك . دۇنيادا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان قارا كۆل كۆرپىسىنىڭ 50% نى ئۆزبېكىستانغا قوشنا دۆلەتلەر تەمىنلەيدۇ . بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسلىق رىقابەتچى قازاقستان ، ئۇنىڭدىن قالسا ئافغانىستان ۋە نامىبىيەلەردىن ئىبارەت .

غەربلىكلەر ئۆزبېكىستان قارا كۆل كۆرپىسىنىڭ پەقەت ئوندىن بىر قىسمىنىلا ئىشلىتىدۇ ، ئوندىن ئىككى قىسمىدىن كۆپرەكىنى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى ئىستېمالچىلار سېتىۋالىدۇ . كىرۇۋۇدىكى « بېركا» زاۋۇتى بىلەن ئۆزبېكىستاندىكى «ر. لىنكا» زاۋۇتى ھەرىپلى ياقا ۋە قولاقچا قاتارلىقلارنى تىكىش ئۈچۈن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 50

ملىك پارچىدىن كۆپ تېرە سېتىۋالدۇ . قارا كۆل كۆرپىسىنىڭ كۆپ قىسمى ئاساسەن دۆلەت ئىچىدىكى بازارلاردا سېتىلىدۇ.

كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى : قىش كۈنلىرى قارا كۆل كۆرپىسىنىڭ بازىرى ئەڭ ئىتتىك بولىدىغان بىر نەچچە ئاي ئىچىدە ئۆزبېكىستاننىڭ ھەر قايسى شەھەرلىرىدىكى بازارلاردا قارا كۆل كۆرپىسىدىن تىكىلگەن ئايالچە پەلتۇۋە چاپانلارنى كۆرگىلى بولمايدۇ . ماگىزىنلاردا بولسا قۇلاقچا ، پاسونى ناچار جىلىتكىلەر ۋە قوپال تىكىلگەن پەلتۇ چاپانلار سېتىلىدۇ... شۇ يەرلىك مودا قوغلىشىدىغان كىشىلەر « ئېكسپورت تاۋارلىرى » نى سېتىۋېلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ ، چۈنكى ئۇلار ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋارلار بىلەن ئېكسپورت قىلىنمايدىغان تاۋارلار ئوتتۇرىسىدا پەرق بارلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ .

زامانىۋى پىششىقلاپ ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى پەقەت ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋارلارنى ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىلگەنلىكتىن، چەت ئەل ماشىنىلىرىدا تىكىلگەن تاۋارلار يىراق چەت ئەللەردە سېتىلىدۇ. شۇڭا ئۆزبېكىستاننىڭ قارا كۆل كۆرپىسىدىن تىكىلگەن مەھسۇلاتلار ئىنتايىن تېز مودا بولۇپ قالىدۇ .

# روسىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ ئالتۇن زاپىسى ۋە ئالماس ئىشلەپچىقىرىشى

روسىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ ئالتۇن زاپاس مىقدارى ( روسىيە فېدېراتسىيىسى قىممەتلىك مېتاللار بىلەن ياقۇت كومىتېتى ۋە فېدېراتىۋ مەركىزى بانكىسىدا ساقلىنىۋاتقان ئالتۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) ھازىر جەمئىي 316 توننىغا يېتىدۇ . بۇنى 1995 ـ يىلى 1 ـ ئايغا سېلىشتۇرغاندا 38 توننا ئاشقان.

2000 ـ يىلدىن بۇرۇنقى ئالتۇن ۋە كۈمۈش ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنى روسىيە فېدېراتىۋ ھۆكۈمىتىگە يوللىدى ، بۇ يېقىندا تەستىقلىنىپ چۈشىدۇ .

قىممەتلىك مېتاللار ۋە ياقۇت كومىتېتىنىڭ ھەمكارلىقى ئاستىدا تەشكىللەپ تەسىس قىلىنغان يېڭى تارماق ـ قايتا ئىشلەنگەن خام ئەشيالارنى پىششىقلاش كومىتېتى ، ئالتۇن مەنبەسى ئۈچۈن پارلاق ئىستىقبالنى ئاچتى . ئوخشىمىغان تەرەپلەردىن ئۆلچەپ ھېسابلىغاندا ، ھازىر روسىيىدە 400 ـ 800 توننا ئالتۇن ، ئېلېكترون تاشلاندۇقلىرى ۋە باشقا تەركىبىدە مېتال بولغان كېرەكسىز ماتېرىياللار ئىچىدە بولۇپ ، بۇ ھەقىقەتەنمۇ پۈتۈن روسىيە چېگرىسىغا تارقالغان زور ئالتۇن «ماكانى» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا ، روسىيە 2000 ـ يىلدىن بۇرۇن ئالماس ۋە بىرىلىيانت يۇرۇشلەشكەن تەرەققىيات پىلانىنى ئەمەلىيەتتە بېكىتىپ بولدى . بۇ پىلاننىڭ مۇھىم نۇقتىسى ، روسىيىدە بىرىلىيانت ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئالماس سانائەت خام ئەشيا بازىرىنى كېڭەيتىشنى ، يەنە ئەڭ مۇھىمى بىرىلىيانت كۆز ئورناتقان ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرىنىڭ دۆلەت ئىچى بازارلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئالاھىدە تەكىتلىدى . ھازىر ، روسىيىدە جەمئىي بولۇپ 46 ھەر خىل مۇلۇكچىلىك شەكلىدىكى ئۈنۈمچىلىك كارخانىلىرى بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدە شېرىكلەشكەن كارخانىلار ۋە ئۈچ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى « كرىستال » زاۋۇتى بار . 1994 ـ يىلى 1 مىليارد 80 مىليون ئامېرىكا دوللىرى قىممىتىدىكى ئېكسپورت قىلىدىغان بىرىلىيانت ئىشلەپچىقارغان .

# «ئاگاما» بىرلەشمە شىركىتى قۇرۇلدى

بىرلەشمە شىركەت ياكى مۇستەقىل شىركەت قۇرۇپ ، ئىمپورت قىلىنىدىغان مەھسۇلاتلارنى ئۆز دۆلىتىدە ئىشلەپچىقىرىش - ئۆزبېكىستان خەلق ئىگىلىكىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىسلاھاتنىڭ بىر يۆنىلىشى . زاراۋشان شەھىرىدە قۇرۇلغان «ناۋايى» كان - مېتاللورگىيە كارخانىسى بىلەن روسىيە كارخانىلىرى قاتناشقان ئۆزبېكىستان - روسىيە «ئاگاما» بىرلەشمە كارخانىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشىشى بۇنىڭ مىسالىدۇر. سۈپىتى ياخشى ، تەننەرخى تۆۋەن بولغان ئىلمە توقۇلما مەھسۇلاتلىرى ۋە ھەر خىل پايپاقلار ئەزەلدىن بازىرى ئىتتىك تاۋارلار بولۇپ ، ئۆزبېكىستان بازارلىرىدا بۇ خىل تاۋارلارغا بولغان ئېھتىياج ناھايىتى يۇقىرى ، بۇندىن بەش يىل ئىلگىرى ئۆزبېكىستان بازارلىرى خەلققە ئېھتىياجلىق 120 مىليون جۈپ پايپاقنى تەمىنلىيەلمەي روسىيە، بېلورۇسىيە ، پىرىبالتىك قاتارلىق جايلاردىن ئىمپورت قىلاتتى . ھازىر زامانىۋى ئۈسكۈنىلەرگە ئىگە يۇقىرى سەۋىيىلىك تېخنىكىلار ۋە مەشغۇلاتقا پىششىق ئىشچىلار سەپلەنگەن ھەمدە ئۆز دۆلىتىنىڭ سۈپەتلىك خام ئەشيالىرىنى ئىشلىتىدىغان كارخانا قۇرۇلغاندىن كېيىن يۇقىرىقى مەسىلىلەر ھەل بولدى .

فىرانسىيە مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ياردىمىدە پايپاق ۋە ئىلمە توقۇلما كىيىملەرنى ئىشلەپچىقىرىدىغان زامانىۋى ئۈسكۈنىلەر قۇراشتۇرۇلدى . جۇمھۇرىيەتنىڭ ھەر قايسى شەھەرلىرىدە «ئاگاما» بىرلەشمە كارخانىسىنىڭ شۆبە زاۋۇتلىرى قۇرۇلدى. مەسىلەن ، ئالمالىق كان مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىسىنى ئاساس قىلىپ يىلىغا 2 مىليون جۈپ پايپاق ئىشەپچىقىرالايدىغان زامانىۋى كارخانا قۇرۇلدى . «ئاگاما» بىرلەشمە شىركىتىنىڭ بارلىق شۆبە كارخانىلىرى ھەممىسى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولۇپ ، ئۆزلىرىنىڭ ئىناۋىتىنى ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق كۆتەرمەكتە .

ئۆزبېكىستاندا ئىلمە توقۇلما مەھسۇلاتلار ۋە پايپاق توقۇيدىغان كارخانىلارمۇ بار . لېكىن ، بازار ئىگىلىكىنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە ، پەقەت مەھسۇلات سۈپىتى ياخشى ، تەننەرخى تۆۋەن بولغان تاۋارلارلا بازارنى ئىگىلىيەلەيدۇ . شۇڭلاشقا « ئاگاما » بىرلەشمە شىركىتى يۇقىرىقىدەك تەلەپ بويىچە مەھسۇلاتلارنى ئىشەپچىقىرىپ بازاردا ياخشى ئاتاقنى قولغا كەلتۈردى.

( روسچە « ئىقتىساد ۋە تۇرمۇش » گېزىتىدىن ئېلدان ئىسھاقوۋ (ت)

## دۇنيا پاختا مەھسۇلات مىقدارى ئاشماقتا

مۆلچەرلەشلەرگە قارىغاندا 1996 - يىلى دۇنيا پاختا مەھسۇلات مىقدارى 19 مىليون 600 مىڭ تونناغا يېتىدىكەن ، بۇ ئىلگىرى مۆلچەرلىگەن ساندىن 500 مىڭ توننا كۆپ .

1994 - ۋە 1995 - يىللىرى دۇنيا پاختا مەھسۇلات مىقدارى 18 مىليون 750 مىڭ توننا بولغان . قارىغاندا 1996 - يىلى پاختا مەھسۇلات مىقدارى 1995 - يىلدىكىدىن 4% ئاشىدىكەن . دۇنيا بازارلىرىدا پاختا تېز سېتىلغانلىقتىن ھازىر دۇنيادا پاختا تېرىلىدىغان يەرلەرنىڭ كۆلىمى

ئۆزلۈكسىز كېڭەيمەكتە ، مۆلچەرلەشلەرگە قارىغاندا 1997 - ۋە 1998 - يىللىرى دۇنيا پاختا مەھسۇلات مىقدارى 20 مىليون 200 مىڭ توننىغا يېتىدىكەن .

1995 - يىلى جۇڭگونىڭ پاختا مەھسۇلات مىقدارى 3 مىليون 850 مىڭ توننىغا يېتىدۇ دەپ مۆلچەرلەنگەن بولسىمۇ لېكىن يىل ئاخىرىدا پاختىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى 4 مىليون 350 مىڭ توننىغا يەتتى . شۇڭا 1995 - يىلى پاختا ئىمپورت مىقدارى 600 مىڭ توننىدىن 500 مىڭ توننىغا چۈشتى ، 1996 - ، 1997 - يىللىرى 450 مىڭ توننىدىن 200 مىڭ توننىغا چۈشۈشى مۇمكىن .

1995 - يىلى دۇنيا بويىچە پاختىنىڭ ئومۇمىي ئىستېمال مىقدارى 19 مىليون توننا بولۇپ ، ئالدىنقى يىلدىكىگە قارىغاندا 3.2% كۆپەيدى ، دۇنيا پاختا ئامبىرىدا ساقلىنىۋاتقان پاختا مىقدارى 8 مىليون 21 مىڭ توننىدىن 8 مىليون 590 مىڭ توننىغا كۆپەيدى .

## مىسىردا 1995 - يىلى پاختا مەھسۇلات مىقدارى ئاشتى

1995 - يىلى مىسىرنىڭ پاختا تېرىلىدىغان يەر كۆلىمى تەخمىنەن 734 مىڭ فېددان ( 1 فېددان 42 مىڭ كۋادرات مېترغا تەڭ ) بولۇپ ، بۇ 1994 - يىلدىكىگە قارىغاندا 11 مىڭ فېددان ئاز . لېكىن 1995 - يىلى مىسىردىكى پاختا ئىشلەپچىقىرىدىغان ھەر قايسى ئۆلكىلەرنىڭ ھەممىسى پاختىدىن مول ھوسۇل ئالدى ، ھەر بىر فېددان يەردىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 7.2 كانتار ( بىر كانتار 45 كىلوگرامغا تەڭ ) ھوسۇل ئالدى. 1995 - يىلى مىسىرنىڭ پاختا مەھسۇلات مىقدارى دۆلەت ئىچىدىكى سانائەت ۋە ئېكسپورت ئېھتىياجىنى قاندۇردى .

مىسىرنىڭ پاختا زاپىسى دۆلەت ئىچىدىكى توقۇمىچىلىق سانائىتىنى ئالتە ئايدىن سەككىز ئايغىچە تەمىنلەشكە يېتىدۇ ، لېكىن نۇرغۇنلىغان توقۇمىچىلىق زاۋۇتلىرى خام ماتېرىياللىنىڭ يېتىشمەسلىكىدىن ئەنسىرەپ ئىشلەپچىقىرىشتىن توختىدى . شۇڭا ھازىر دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ۋە خۇسۇسىي شىركەتلەر دۆلەت ئىچىدىكى پاختا بازارلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن رىقابەتلەشمەكتە .

خۇسۇسىي شىركەتلەر پاختا سېتىۋېلىش باھاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈۋالدى ، بۇنىڭ بىلەن مىسىر ھۆكۈمىتى دېھقانلاردىن تېخىمۇ كۆپ پاختا سېتىۋېلىپ دۆلەت ئىچىدىكى توقۇمىچىلىق سانائىتىگە ئىشلەتتى ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەر 45 كىلوگرام پاختىنىڭ باھاسىنى ئەسلىدىكى 400 مىسىر پوندىدىن 450 مىسىر پوندى (1 ئامېرىكا دوللىرى 3.4 مىسىر پوندىغا تەڭ ) قىلىپ بەلگىلىدى . لېكىن 1995 - يىلى 12 - ئاينىڭ باشلىرىدا پاختىنىڭ باھاسى يەنە ئۆسۈپ 575 مىسىر پوندىغا يەتتى ، بۇ ھازىرقى بىر كانتار پاختا 550 مىسىر پوندى دېگەن خەلقئارا باھادىن خېلى يۇقىرى . دېمەك بۇندىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە مىسىرنىڭ پاختا باھاسى يەنە ئۆسۈشى مۇمكىن ، بولۇپمۇ خەلقئارا بازاردا نامى چىققان « گىسا - 45 » ئۇزۇن تالالىق پاختىنىڭ باھاسى ئۆرلەپ ، ھەر بىر كانتار پاختىنىڭ باھاسى 800 مىسىر پوندىغا يېتىشى مۇمكىن .

## كەلگۈسى بەش يىلدا ئاق قوناقنىڭ مەھسۇلات مىقدارى ئاشىدۇ

بۇندىن كېيىنكى بەش يىلدا ئاق قوناقنىڭ مەھسۇلات مىقدارى ھەر يىلى 3.3% نىسبەت بويىچە ئېشىپ بارىدۇ، 2000 ـ يىلى دۇنيادىكى ئاق قوناقنىڭ يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 80 مىليون توننىغا يېتىدۇ، 80 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى پۈتۈن دۇنيادىكى ئاق قوناقنىڭ يىللىق مەھسۇلات مىقدارى پەقەت 54 مىليون توننا ئىدى.

يېزا ئىگىلىك مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ قارىشىچە، بۇندىن كېيىنكى بەش يىلدا ئاق قوناق مەھسۇلات مىقدارىنىڭ ئېشىش دەرىجىسى ئەڭ زور بولىدىغان رايونلار مىسىرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئافرىقا قىتئەسى چوڭ قۇرۇقلۇقى بولۇپ، ئۇنىڭدىن قالسا ئوتتۇرا ئامېرىكا قىتئەسى، بولۇپمۇ مېكسىكا ۋە ئاسىيا قىتئەسى قاتارلىق جايلار ئىكەن.

## قازاقىستانلىقلار نەزىرىدىكى جۇڭگو ھارىقى

بۇندىن بىر يىل ئىلگىرى، بوتكىلارغا تولۇپ كەتكەن ناچار سۈپەتلىك ئاق ھاراقلارنى قازاقىستانلىقلار «تاشئالما» دەپ ئاتايتتى. جۇڭگودا ئىشلەنگەن ناچار ئىچىملىكلەرنى ئىچىپ تويغاندىن كېيىن، كىشىلەر ئۇنىڭ پەرقىنى ھېس قىلىپ، ھازىر سۈپەتلىك ئىچىملىكلەرنى ئىچىشكە يۈزلەندى. لېكىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، جۇڭگونىڭ ئۆلچەمگە توشقان تاۋارلىرى باھاسىنىڭ ئەرزان بولۇشى بىلەن سودىگەرلەرنى بۇرۇنقىدەكلا ئۆزىگە جەلپ قىلماقتا.

## ئۆزبېكىستاننىڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھاتى داۋاملىق ئېلىپ بېرىلماقتا

ئۆزبېكىستان 1995 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئىجارىگە ئېلىش سىياسىتى توغرىسىدا نىزامنامە ئېلان قىلدى. نىزامنامىدا، چەت ئەل شىركەتلىرىنىڭ ئۆزبېكىستاندا ئىجارىگە ئېلىپ، تىجارەت قىلىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ھوقۇقىنىڭ مۇددىتى 15 يىل بولىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىجارىگە ئالغۇچى سانائەت، ئىجارىگە ئالغان زېمىن، كان بايلىقلىرىدىن ئېرىشكەن پايدىدىن پايدىلىنىپ، باج تاپشۇرۇش ۋەزىپىسىنى ۋە باشقا خىراجەتلەرنى ئادا قىلغاندىن كېيىن ئاشقان قىسمىنىڭ ھەممىسىنى ئىجارىگە ئالغۇچى ئۆزى تەقسىم قىلىدۇ، دەپ بەلگىلەندى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە 1995 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئۇل. مارېلسوم قول قويغان ئىككى خىل كارخانا ۋە تارماقلارنىڭ ئىسمىلىكى ئېلان قىلىندى. بىرىنچى خىلدىكى كارخانا ۋە تارماقلار دۆلەت شتاتىدىن چىقىپ كېتىشكە بولمايدىغان، سېتىۋېلىشقا بولمايدىغانلار؛ ئىككىنچى خىلدىكى كارخانا ۋە تارماقلار ھۆكۈمەت ماقۇللىغاندىن كېيىنلا ئاندىن دۆلەت شتاتىدىن ئايرىلسا بولىدىغانلار دەپ ئايرىلدى. بىرىنچى خىلدىكى كارخانىلارغا مەنسۇپ بولغان كارخانا ۋە تارماقلار كان بايلىقلىرى، ئىچكى قۇرۇقلۇق ۋە سۇ بايلىقلىرى، ھايۋانات، ئۆسۈملۈك ساھەلىرى، موزېيلار ۋە مۇزېيدىكى قىممەت-

لىك بۇيۇملار ، تارىخ ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ، رادىئو ئاكتىپلىق ئەسلىھەلەرنى ئىشلەپچىقىرىش ، ئوق ئوۋلاش ، قارىغا ئېتىش ئوق دورىسى ئىشلىتىپ ئاتىدىغان ئەسلىھە ۋە قوراللار ، ئوق دورىسىنى ئىشلەپچىقىرىش ، مەدەنىيەت - سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلىش ۋە ئۇنى تەھرىرلەش ، پىششىقلاپ ئىشلەش، بېھوش قىلىش دورىلىرى ۋە زەھەرلىك بۇيۇملار ، ئاممىۋى ئىشلارغا ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىل يولىرى ، سەھىيە - مۇداپىئە پونكىتلىرى ، قانۇن دوختۇرلىرى بىلەن كېلىشكەن ئاپپاراتلار ، مۇھىت تەكشۈرۈش ، پوچتا ئالاقىسى بازىسى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ ، ئىككىنچى خىلغا تەۋە كارخانا ۋە تارماقلار قىممەتلىك مېتاللار ۋە قىممەتلىك گۆھەر تاشلارنى ئېچىش ، قېزىش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش ، تىببىي دورا تارماقلىرى ، ئۇچۇر ، تېلېگراما ، ئاگېنتلىقلار ، ساقلىقنى ساقلاش تارماقلىرى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ .

ئۆزبېكىستان دۆلەت مالىيە مىنىستىرلىكىگە قارايدىغان باھالىق ئاكسىيە ، ئاكسىيە سودىسى ئورنى كومىتېتى تەسىس قىلدى . تاشكەنت دۆلەتلىك ئاكسىيە سودىسى ئورنى مۇدىرىيىتىنىڭ رەئىسى مىرىبايىز ، مىرساتوۋنىڭ ئېلان قىلىشىچە ، 1995 - يىلىنىڭ بېشىدىن بۇيان سودا ئورنى ئومۇمىي قىممىتى 363 مىليارد 235 مىليون سوم كېلىدىغان 50 مىڭ 905 پارچە باھالىق ئاكسىيە ساتقان .

ئۆزبېكىستان ھۆكۈمىتىنىڭ قارارىغا ئاساسەن ، دۆلەتلىك پاي چېكى رەنە بانكىسى ئۆزىنىڭ فونكسىيىنى جارىي قىلدۇرۇشقا باشلىدى ، بۇ بانكىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرى ، زېمىندارلار ۋە دېھقانچىلىق مەيدانى ئىگىلىرىگە مالىيە جەھەتتىن ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت .

ئابدىلىم ئېزىز ( ت )

## ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئۆز ئارا قەرز راسچوت مەسىلىسى

قازاقىستان ئېچكى كابىنېتىنىڭ بىرىنچى مۇئاۋىن رەئىسى نىغمەتجان ئىسىنگالىن ھەرقايسى مىنىستىر ۋە كومىتېتلارنىڭ رەھبەرلىرىنى يىغىپ يىغىن ئاچتى . بۇ يىغىندا رەھبەرلەر قازاقىستان بىلەن ئۆزبېكىستان ، قىرغىزىستان ، توركمەنىستان ۋە تاجىكىستان قاتارلىق دۆلەتلەر ئارىسىدىكى قەرز راسچوت مەسىلىسىنى مۇزاكىرىلەشتى . يىغىن قاتناشچىلىرى «ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي سودا كېلىشىمى ۋە كرېدىت قەرز ئىشلىرىنىڭ ئۆزئارا راسچوتى» تېزىسىنى تەكشۈرۈپ چىقتى . ئۇلار تاجىكىستان بىلەن قىرغىزىستاننىڭ قازاقىستانغا قەرز قايتۇرۇش جەھەتتە ھەقىقەتەن بەزى قىيىنچىلىقلار مەۋجۇت دەپ قاراشتى . بۇ خىل قەرز تۆلەشتىكى قىيىنچىلىقنى ھەرقايسى جۇمھۇرىيەتلەر ئارىسىدىكى ئۆز ئارا ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنىڭ نورمال بولمىغانلىقى ، بازار ئىقتىسادىنىڭ ئالاھىدىلىكى تېخى تولۇق ھازىرلانمىغانلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان .

نىغمەتجان ئىسىنگالىن خۇلاسە سۆزىدە : «بىز يېقىندا قوشنا دۆلەتلەر بىلەن ھېسابنى ئاساسەن تۈگىتىشىمىز مۇمكىن»، دېدى .

## روسىيە بەزى تاۋارلارنىڭ ئىستېمال بېجىنى تەڭشىدى

كىشلەرگە مەلۇمكى ، روسىيە فېدېراتسىيە هۆكۈمىتى 1995 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ روسىيىگە ئىمپورت قىلىنغان كىچىك ماشىنىلارنىڭ ئىستېمال باج نىسبىتىنى تۆۋەنلەتتى . 1995 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىكى « روسىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ ئىمپورت قىلىنغان بەزى تاۋارلارنىڭ ئىستېمال بېجىنى تۆۋەنلىتىش توغرىسىدا » بۇيرۇقىدا ئىستېمال بېجى تاموژنا باھاسى %35 ـ %75 دىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %10 ـ %25 تۆۋەنلىتىلىدۇ ، دەپ بەلگىلەنگەن . تاموژنا باھاسى بولسا دىۋىگاتېل ماتورىنىڭ گاز چىقىرىش مىقدارى ۋە ماشىنىنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىلىش مىقدارىغا ئاساسەن بېكىتىلگەن .

باج نىسبىتى تۆۋەنلىتىلگەندىن كېيىن ، روسىيىگە ئىمپورت قىلىنىدىغان ماشىنىلار كۆپىيىشى مۇمكىن . مۇتەخەسسىلەرنىڭ قارىشىچە ، هازىر يۇرگۈزۈلۈۋاتقان ئىستېمال باج نىسبىتى روسىيىنىڭ ماشىنا ئىشلەپچىقىرىشىغا پايدىلىق ئىكەن ، شۇ سەۋەبتىن ماشىنا ئىمپورت قىلىش چەكلىمىگە ئۇچرايدىكەن .

.يۇقىرىدىكى قارارغا ئاساسەن، 1995 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ ، روسىيىگە ئىمپورت قىلىنغان بەزى تاماكا مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىستېمال باج نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتەردى . 1000 خىل تاۋار تۈرىنىڭ باج نىسبىتى 1.2 ـ 2.0 ياۋروپا پۇل بىرلىكى ئاشتى .

## شېكەرنىڭ باھاسى چۈشۈپ كەتتى

تىجارەت ئورۇنلىرىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە ، 1996 ـ يىل 2 ـ ئايدىن باشلاپ شېكەرنىڭ باھاسى تۆۋەنلەشكە باشلىغان .

بۇنىڭ سەۋەبى : بىرسى ، خەلقئارا ۋە دۆلىتىمىزنىڭ شېكەر مەھسۇلات مىقدارى ئېشىپ ، مال مەنبەسى يېتەرلىك بولۇپ قالدى ؛ يەنە بىرسى ، دۆلىتىمىزنىڭ شېكەر بازارلىرىنى رەتلەپ تەڭشىشى دەسلەپكى ئۈنۈمگە ئېرىشتى . هايانكەشلىك بىلەن شېكەر سودىسى قىلىدىغانلار ۋەزىيەتنىڭ ئۆزلىرىگە پايدىسىز بولىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، شېكەرلىرىنى بەس ـ بەس بىلەن سېتىپ بازاردىن چېكىنمەكچى .

## ئۆزبېكىستاندا تەبىئي نېفت گاز مەيدانى ئېچىلدى

ئۆزبېكىستان قارا قالپاق رايونىدا ئۆرگەن نېفت مەيدانى ئېچىلدى . هازىر بەش گاز قۇدۇقى ئىش باشلىدى . گېئولوگلار گاز قاتلىمىنىڭ تېيىز ، سۈپىتىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىدى . مۇتەخەسسىلەرنىڭ پەرىزىگە قارىغاندا ، ئۆرگەن گاز مەيدانى يېقىن كەلگۈسىدە قارا قالپاق ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى ۋە خارىزىم ئوبلاستىغا ھەر يىلى بىر مىليارد كۇب مېتر تەبىئي گاز يەتكۈزۈپ بېرىدىكەن .

## تەھرىر ھەيئىتى

باش تەھرىر : جاڭ يۆجۇ ، نەجمىدىن نىزامىدىن

مەسئۇل مۇھەررىر : گۈلسۇم ئابدۇۋايىت

مەخسۇس مۇئاۋىن مەسئۇل مۇھەررىر : شەرىفە ئىسھاقوۋا

تەھرىر ۋە تەرجىمانلار : مۇنەۋۋەر قادىر ، يارمۇھەممەت ئىبراھىم

تەھرىر ھەيئىتى ئەزالىرى : (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)
ئابابەكرى ساۋۇت ، ئابلىكىم ئوسمان ، جاپپار مەخپىر
خەمىد خەكىموۋ ، مۆمىن ھەبىبۇللا، نۇرنىسا قاسىم
ھېسامىدىن ئابدۇللا ، ئوسمانجان توردى ، ئېلى مەمەت
ئىلچى سايرانى ، ئىلدان ئىسھاقوۋ

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : پېڭ جىڭخۇەن

---

باشقۇرغۇچى : ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى

نەشىر قىلغۇچى : ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا ئاخبارات تەتقىقات ئورنى

تەھرىرلىگۈچى : « ئوتتۇرا ئاسىيائۇچۇرلىرى »ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

باسقۇچى : شىنجاڭ پەن - تېخنىكا گېزىتى باسما زاۋۇتى

ئادرېسى : ئۈرۈمچى جەنۇبىي بېيجىڭ يولى40 - نومۇرلۇق قورو

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى : CN 65– 1133／N

پوچتا ۋەكالەت نومۇرى : 132 ـ 58

پوچتا نومۇرى : 830011 تېلېفون نومۇرى : 3837994 .